

# تارىم غۇنچىلىرى

4
1985



تەبەسسۇم




تىرىشچان قىز



ئۇچۇپ ئوينايمىز



ھەۋەسكارلار



باغۋەن ۋە غۇنچە



ئانا تۇپراقنى گۈل - چېچەككە پۈركەيمىز



تەبەسسۇم

1985 - يىل 4 - سان
(ئومۇمى 19 - سان)

— ئايلىق ئۇنۋېرسال ژورنال —

**ئەدەبىيات گۈلزارى**

بوۋام مەھەۋت دىيارى (شېئىر) ........ 3
چىچەك (شېئىر) ........ 4
رەگەتكە (ھېكايە) ........ 5
ئىككى شېئىر ........ 14
ئوغلۇمنىڭ دوستى (ھېكايە) ........ 15
ئۇنتۇلماس بىر كۈن (ئەسلىمە) ........ 20
شېئىرلار ........ 24
چولپاننىڭ جاۋابى ........ 26

**تالانت جاپالىق مېھنەتتىن كېلىدۇ**

مەشھۇر ئايال — ھېلىن كايلور ........ 27
ياۋروپادا ئەڭ زور ئالقىشقا ئېرىشكەن ئون يازغۇچى ........ 30

**دانىشمەن نەسىرىدىن ئەپەندى**

ساليوت ئوقى نېمىدىن ياسىلىدۇ؟ ........ 31
كىيىم - كېچەكلەردىكى تۆمۈر دېتىنى قانداق چىقىرىش كېرەك ........ 32
مىس قاچا - قۇچىلارنى قانداق پارقىرىتىش كېرەك؟ ........ 33

**تەجرىبە**

بىر تال ئۈچ تال بولۇپ كۆرۈنىدۇ ........ 35
سوغاق سۇ بىلەن قولنى ئىسسىتىش ........ 36

**مەشھۇر كەشپىياتلار**

قېرىنداشنىڭ تارىخى ........ 37
ئاجايىپ كىيىملەر ........ 39

**كەلگۈسى دۇنيا**

سۇن ۋۇكۇڭنىڭ ئاتوم دۇنياسىنى قالايمىقان قىلىشى ........ 41

**بۈگۈنكى دۇنيا**

سۇ پىچىقى ........ 46
لازېر نۇر پىچىقى ........ 47
يەر شارىدىكى ئېنېرگىيە يەنە قانچىلىك ۋاقىت يېتىدۇ؟ ........ 47

| | | |
|---|---|---|
| ئەخلاق ئادەم زىننىتى | ئوغۇللارغا نەسىھەت | 49 |
| | قىزلارغا مەسلىھەت | 51 |
| | مېنىڭ ئانام | 53 |
| چەتئەل باللار ئەدەبىياتى | تازىلىق ئىشچىسى (شېئىر) | 55 |
| | ئەڭ مۇھىمى (ھېكايە) | 56 |
| | ھېكايەت | 61 |
| زېھىن سىناش ئويۇنلىرى | ئىمتىھان سوئالى | 62 |
| | لەتىپە | 62 |
| | قىزىقارلىق سوئال | 63 |
| | قانچە تال شام قالدى؟ | 64 |
| | غەلىتە ۋەسىيەت | 65 |
| | ئۇ مېنىڭ ئوغلۇم | 66 |
| | شوپۇر | 66 |
| | غەلىتە ئۈچ تېپىشماق | 67 |
| | ناۋاي بىلەن سوتچى | 68 |
| | ئەپەندىنىڭ بازارغا بېرىشى | 69 |
| ئەلا تاپشۇرۇقلار | ئانا، مەن ياخشى ئوقۇيمەن | 71 |
| | تىراكتور ۋە هارۋا | 75 |
| | چۈمۈلىنىڭ ئوزۇق ئىزلىشى | 80 |
| | ئىنىم | 83 |
| بىلىۋېلىڭ | دۇنيانىڭ ۋاقىت رايونلارغا بۆلۈنۈشى | 87 |
| | سائەت بولمىغان بولسا | 91 |
| مۇسابىقە سوئاللىرى | 1 - دەرىجىلىك سوئال | 95 |
| | 2 - دەرىجىلىك سوئال | 95 |
| | 2 - ساندىكى مۇسابىقە سوئاللىرىنىڭ جاۋابلىرى | 94 |
| ناخشا مۇزىكا | مۇئەللىم | 96 |

مۇقاۋىنىڭ 1- بېتىدە: كىچىك مۇزىكانتلار
مۇقاۋىنىڭ 4 - بېتىدە: ئوغلىغىم

ژورنىلىمىزنىڭ مۇھەررىرلىرى

ئابدۇراخمان ئەبەي (مەسئۇل مۇھەررىر)
ھۆشۇر ئەخمەت، مەسئۇت خالىت



# بوۋام مەھمۇت دىيارى

ئابلەتجان ئىبراھىم

تۇنۇلدۇڭ سەن دۇنياغا،
گۈل ـ گۈلىستان باغلارغا،
دېڭىز، دەريا، تاغلارغا،
بوۋام مەھمۇت دىيارى.

داڭلار سېنى كۆرگەنلەر،
تۇپرىغىڭدىن ئۆتكەنلەر،
كۆپتۈر ماختاپ كەتكەنلەر،
بوۋام مەھمۇت دىيارى.

سەندە ئۆسۈپ چوڭ بولدۇم،
بىلىم ئېلىپ ئوڭ بولدۇم،
كۈچ ـ قۇدرەتكە لىق تولدۇم،
بوۋام مەھمۇت دىيارى.

ھەقدارىڭمەن، ئوغلۇڭمەن،
بىلىم بىلەن ئۆرلەيمەن،
سېنى گۈلگە پۈركەيمەن،
بوۋام مەھمۇت دىيارى.


Altunoq

# چىچەك

ياسىن ئىسمايىل

كۆلدۈڭ ئاپپاق ئەي چىچەك،
كەلگەچ باھار چاغلىرى.
سىنىڭ بىلەن بېزەلدى
يۇرتىنىڭ قوينى ـ باغلىرى.

ئاز كۈن ئۆتمەي چۈشسەن،
شاختىن يەرنىڭ يۈزىگە.
ھاياتىڭنى ئاتايسەن،
شېرىن ـ شەرۋەت مېۋىگە.

ھۆسىن قوشۇپ ۋەتەنگە،
مەنمۇ سەندەك ياشايمەن.
ئۆسمۈرلۈگۈم گۈلىنى،
ئەل ئىشىغا ئاتايمەن.

ئەي ئۇماق قىزچاق، تاماق ئېتىشنى ئۆگىنىڭ، تۆشۈك ئىشلىرىغا ماھىر بولۇڭ. بۇ كەلگۈسى بەختلىك تۇرمۇشىڭىزنى كاپالەتلەندۈرىدۇ.

## رەگەتكە

(ھىكايە)

ھەبىبۇللا مەھەممەت

مەن مەكتەپ ياكى ئۆيدە كەپسىزلىك قىلىپ، بىرەر ئىش تېرىپ قويۇپ تەنبىھ ئاڭلىغان چاغلىرىمدا، راستىنى دېسەم، ئۇ بولمىغۇر قىلىقىم ئۈچۈن چىن كۆڭلۈمدىن ئەپسۇس-لىناتتىم، يەنە شۇنداق قىلماسلىققا ئۆزەمچە قەتئىي بەل باغ-لايتتىم. بىراق، نىمىشقىدۇر كۆپ ھاللاردا ئۆز-ئۆزەمگە بەرگەن ئۇ ۋەدىلىرىم يادىمدىن چىقىپ كېتەتتى-دە، يەنە بىرەر بالانى تېرىپ قويۇپ ئاۋالقىغا ئوخشاشلا قاتتىق پۇشايمان ئىچىدە تىت-تىت بولاتتىم.

مانا، بۈگۈنمۇ شۇنداق بولدى. مەن ئىككى-ئۈچ سا-ئەتتىن بىرى پۇشايمان، قورقۇش، ئۆكۈنۈش ئىچىدە كوچى-لاردا مەقسەتسىز يۈرۈۋاتىمەن. قوسىقىمنىڭ غولدۇرلاشلىرى مېنى ئۆيگە چاپسانراق قايتىشقا ئۈندەۋاتقان بول-سىمۇ، ئەمما مەندە ئۆيگە قايتقۇدەك جۈرئەت يوق ئىدى. ئاستا-ئاستا قاراڭغۇ چۈشۈپ، كوچا چىراقلىرى بىر-بىرلەپ ياند-ى ۋە كۆچىدىكى ئادەملەرمۇ شالاڭلاشقا باشلىدى. خىزمەت-

لىرىدىن يانغان كىشىلەر، ئوقۇشتىن قايتقان باللار كەچلىك تاماقلىرىنى ئاللىقاچان يەپ بولۇپ، ئۆيلىرىدە دەم ئېلىۋاتقاندۇ، تاپشۇرۇقلىرىنى ئىشلەۋاتقاندۇ ياكى تېلېۋىزور ئەتراپىغا ئولىشىپ، قىزىق-قىزىق نومۇرلارنى كۆرۈۋاتقاندۇ... مەنچۇ؟ خۇددى تاشلاندۇق ئاسلاندەك كوچىدا گاڭگىراپ يۈرىمەن.

قولۇمنى يانچۇقۇمغا سېلىشىم بىلەن قولۇمغا قاتتىق بىر نىمە ئۇرۇلدى. بۇ، ھەممە ئىشقا سەۋەبچى بولغان ئەيىپكار — قەغەز ئاتىدىغان رەگەتكە ئىدى. نىمىشقىدۇ بۇ نەس باسقان رەگەتكىنى ياسىغاندىمەن، ھەممىسى شۇنىڭ كاساپىتى... دەپ ئويلىدىم. شۇنىڭ بىلەن كۆز ئالدىمغا بۈگۈن چۈشتىن كېيىن يۈز بەرگەن ئىشلار كەلدى...

مەن قەغەز «ئوق» ئېتىپ ئوينايدىغان رەگەتكىنى تولىمۇ ياخشى كۆرەتتىم. چۈنكى ئۇنىڭ بىلەن ئېتىشىپ ئوينىغاندا، بىرسىنىڭ ماڭلىيىغا تېگىپ كەتسىمۇ يېرىلىپ كېتەرمىكىن دەپ ئەنسىرىمەيسەن. «ئوق» تەككەن يەر چىۋىن چاققانچىمۇ ئاغرىمايدۇ... ئىككى-ئۈچ كۈندىن بۇيان ئېچىمگە ئوت بولۇپ كىرىۋالغىنى، پەرھاتنىڭ خېلى يىراققا ئاتقىلى بولىدىغان رەگەتكىسى ئىدى. «خەپ! مەنمۇ ئۇنىڭكىدىن ئېشىپ چۈشكۈدەك رەگەتكىدىن بىرنى ياسىمسام!» دىگەن ئويدا بىر سىمنى ئېگىپ، ئاسان ئۈزۈلمەيدىغان ئىنچىكە رېزىنكىمۇ تەييارلاپ بولغان ئىدىم.

دەرسكە كىرىش قوڭغۇرىقى چېلىندى. «A-5» سىنىپنىڭ ئىچى بىردىنلا ۋاراڭ-چۇرۇڭغا تولدى. تەنەپپۇسقا چىقىپ كەتكەن باللار ئارقا-ئارقىدىن كىرىپ ئورۇنلىرىغا ئولتۇردى. ئارىدىن بىرنەچچە مىنۇت ئۆتۈپ كەتتى، لې-

كىن ئوقۇتقۇچى كىرمەيۋاتاتتى. شۇ ئارىدا بىرسى: «ئوس-مان مۇئەللىم ئىلگەركى كونى ئورۇمچىگە يىغىنغا ماڭدى، بۇ سائەت...» دېيىشكە شوخ باللار قىيا-چىيا قىلىپ سىنىپ ئىچىنى كۆتىرىۋەتتى.

بۇ مەن ئۇچۇن ياساپ پۈتكۈزەلمىگەن رەگەتكەمنى پۈتكۈزىۋالىدىغان بىر پۇرسەت ئىدى. شۇڭا مەن بۇ ۋاراڭ-چۇرۇڭغا ئارىلاشماي، ئۆز ئىشىمغا تۇتۇندۇم.

رەگەتكىنى ياساپ پۈتكۈزەيلا دەپ قالغان ئىدىم، سىنىپ خۇددى قايناۋاتقان قازانغا سۇ قۇيغاندەك بىردىنلا جىمىپ قالدى. بېشىمنى كۆتىرىپ قارىسام، مەكتەپ مۇدىرى قولتۇغىغا قارا پوپكا قىستۇرۇۋالغان، ياشانغان بىر ئادەمنى باشلاپ سىنىپقا كىرىپ كەلگەن ئىدى. بۇ ناتونۇش ئادەم-نىڭ كىشى ھەيران قالغۇدەك پارقىراق، سىدام-پاينەكبېشى بىر قاراشتىلا كۆلگۈمنى كەلتۈردى. يېنىمدىكى پەرھاتنى نوقۇپ، ئۇنىڭغىمۇ كۆرسەتتىم. ئۇمۇ كۈلۈۋېتىش-تىن قورقۇپ دەرھال بېشىنى تۆۋەن سېلىۋالدى. ساغۇچ رەختتىن تىكىلگەن چاپان-شىم كىيگەن بۇ ئادەمنىڭ قاڭشىرىغا قىستۇرىۋالغان ئىللىپس شەكىللىك كۆزەينىكى قىزىرىپ كەتكەن بۇرنى بىلەن قىلچە ماسلاشمىغاندەك كۆ-رۈنەتتى. ئۇ، مۇدىرنىڭ كەينىدىن مۇنبەرگە ئاستا قەدەم ئالدى. مۇدىر ئۇنىڭغا قاتلىنىدىغان ئورۇندۇقتىن بىرنى قويۇپ بەردى.

قىرىق نەچچە جۈپ كۆز بۇ ياشانغان ئادەمگە — ئۆزلى-رىنىڭ ۋاقىتلىق ئوقۇتقۇچىسىغا تىكىلدى.

— ساۋاقداشلار، — دىدى مۇدىر سىنىپ ئىچىگە بىر قۇر كۆز يۈگۈرتىۋەتكەندىن كېيىن، — بۇ مۇئەللىم، شەھىرىمىزدى-

كى ئەڭ پىشقەدەم ئوقۇتقۇچى شەيخىدىن مۇئەللىم بولىدۇ. ئۇ سىلەرگە ئوسمان مۇئەللىم قايتىپ كەلگۈچە دەرس بېرىدۇ. سىلەر دەرس تەرتىۋىنى ياخشى ساقلاپ، ئوقۇتقۇچىڭىلارنى ئوبدان ھۆرمەتلەڭلار! — دېدى. ئاندىن ئۇنىڭغا «قېنى، باشلاڭ» دېگەندەك بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ، سىنىپتىن چىقىپ كەتتى.

دەرس باشلاندى. شەيخىدىن مۇئەللىم دەرسنى پەس، خىرىلدىغان ئاۋازدا سۆزلەيتتى:

— بۈگۈنكى دەرس ئىملىق سۆزلەر...

«ۋاي-ۋۇي، بۇ نېمە دېگەن كۆپ تاق-تۇق، پاق-پۇق!...» دەيتتىم پارتىنىڭ دالدىسىدا رەگەتكەمنى ياساۋېتىپ. راستىمنى ئېيتسام، تىل قائىدىسىنىڭ چىگىشلىكىگە خويما ئۆچ ئىدىم. يېڭى مۇئەللىمنىڭ دېگەنلىرى زادىلا قۇلىقىمغا چۈشمىدى. مانا، رەگەتكىنى ئاخىرى ياساپ پۈتكۈزدۈم. ئۇنى ئۆرۈپ-چۆرۈپ قارىدىم. رەگەتكە خېلى ئەپچىل ياسالغان ئىدى. ئەمدى ئېتىپ سىناپ بېقىش كېرەك! قېنى قانچىلىك يىراققا ئاتقىلى بولىدىكىن؟ مەن مەشق دەپتىرىمدىن ئازراق يىرتىۋېلىپ تۈرمەكلەپ ئوق ياسىدىم-دە، رەگەتكىگە سېلىپ سىنىپ ئىچىدىن چەنلىگۈدەك بىرە نىشان ئىزلىدىم. مېنىڭدە بىردىنلا بىرگە كەينىنى قىلىپ، دوسكىغا خەت يېزىۋاتقان مۇئەللىمنىڭ بېشىدىن سەل يۇقۇردا ساڭگىلاپ تۇرغان لامپۇچكىنى چەنلەپ بېقىش ئىستىكى تۇغۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئويۇمنى پەرھاتقا دېدىم. ئۇ «بۇنداق قىلما» دېگەندەك بېشىنى چايقىدى. مېنىڭ بۇ «باتۇرلۇقۇم» نى ئۇنىڭ قوللىمىغانلىقى چىشىمنى قىرىشتۇردى-دە، مۇئەللىمنىڭ دوسكىغا قارىغان پەيتىدىن پاي-

دىلىشىپ، لامپوُچكىنى قارىغا ئالدىم، راست گەپنى دىسەم، ئەسلىدە پەرھاتقا ئۆزەمنى مۇنداقلا كورسىتىپ قويماقچى ئىدىم. كىم بىلسۇن، رەگەتكە ئويلىمىغان يەردىن «تارس» قىلىپ ئىپتىلىپ كەتتى. بۇنىڭدىن ئۆزەممۇ قاتتىق چۆچۈپ كەتتىم. ئىچىمدە «مۇئەللىمگە تېگىپ كەتمىسە بولاتتىغۇ» دەپ تىلىدىم.

بىراق، بولغۇلۇق بولغان ئىدى. قەغەز ئوق لامپوُچكىغا تەگمەي، دەل بېرىپ مۇئەللىمنىڭ چاچسىز پارقىراپ تۇرغان چوققىسىغا تەككەن ئىدى. پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىپ دوسكىغا خەت يېزىۋاتقان شەيخىدىن مۇئەللىم، بۇ كۈتۈلمىگەن زەربىدىن خۇددى توك سوقىۋەتكەندەك ئەندىكىپ كەتتى ـ دە، ئىتتىك كەينىگە بۇرۇلدى. ئۇ، سىنىپتىكى باللارغا بىرلا قاراپ بۇ ئىشنى كىمنىڭ قىلغانلىقىنى بىلگەن ئىدى. ئۇنىڭ ماڭا تىكىلگەن كۆزلىرىدىن غەزەپ ئارىلاش ئېچىنىش ئالامەتلىرىنى كۆرۈپ، بەدەنلىرىم تىكەنلىشىپ، يۈزلىرىم ھۆپپىدە قىزىرىپ كەتتى.

ئۇ بىرنەچچە سېكۇنت جىمجىت قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، مۇنبەر ئالدىغا كەلدى ـ دە، بىرنىمىنى ئويلىغاندەك بىر پەس تۇرۇپ قالدى. سىنىپتا ئېغىر جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرمەكتە ئىدى. مەن خىجالەت، ئەندىشە ۋە ۋەھىمە ئىچىدە بېشىمنى يەردىن ئالالماي ئولتۇراتتىم، بىراق، بۇ مۇئەللىم باشقا ئوقۇتقۇچىلاردەك ۋاقىراپ كەتمىدى. مېنى سىنىپتىن قوغلاپمۇ چىقارمىدى. ئەكسىچە: «قېنى، ساۋاقداشلار دەرسنى داۋاملاشتۇرايلى» دەپ دەرس سۆزلەشكە باشلىدى.

مەن تېرىغان بۇ بالانى كىچىك ئىش دىگىلى بول ـ

مايىتتى: دەرس تەرتىۋىنى بۇزدۇم، ئەڭ يامىنى، خۇددى تەڭتۇشلىرىم بىلەن چاخچاقلاشقاندەك، بوۋام دېمەتلىك ئوقۇتقۇچىمغا ئەدەپسىزلىك قىلغان ئىدىم... شۇ خىياللار بىلەن غەمگە پېتىپ ئولتۇرغىنىمدا، دەرستىن چۈشۈش قوڭغۇرىقى چېلىندى. «مۇئەللىم ئەمدى مېنى مۇدىرنىڭ ئىشخانىسىغا ئېلىپ چىقىدىغان بولدى» دىگەن ۋەھىمە ئىچىدە ساۋاقداشلار قاتارى ئاستا ئورنۇمدىن تۇردۇم.

بىراق مۇئەللىمنىڭ چىرايى رەنجىگەندەك ئەمەس ئىدى. ھەممىمىز ئورنىمىزدىن تۇرۇپ ھۆرمەت بىلدۈرگەن چېغىمىزدا، ئۇ بىشىنى يىنىككىنە لىڭشىتىپ قويۇپ، سىنىپتىن ئاستا چىقىپ كەتتى.

× × ×

مەن خىيالدىن بېشىمنى كۆتىرىپ ئەتراپقا سەپسالدىم. قاراڭ بۇ ئىشنى! ئۆزەمۇ سەزمىگەن ھالدا ئۆيىمىزنىڭ ئالدىغىلا كېلىپ قاپتىمەن. قولۇمنى ئىشىكنىڭ تۇتقۇچىغا ئۇزىتىپ بولۇپ تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدىم: «بۈگۈن قىلغان ئىشىم، ناۋادا دادامنىڭ قۇلىقىغا يەتكەن بولسا قانداق قىلارمەن؟» كۆز ئالدىمغا دادامنىڭ غەزەپلىك چىرايى كېلىپ، ئاستا كەينىمگە بۇرۇلدۇم.

— ھەي، بەڭۋاش! ئۆيگە كىرمەي، يەنە نەگە بارماقچىدىڭ؟ ساۋاقداشلىرىڭ قايتىپ كەلگىلى نەۋاخ، مۇشۇ چاققىچە قەيەردە يۈردۈڭ؟... ئۆيدىن چىققان ئاپام مېنى ئەيىپلەپ كەتتى، — چوپ - چوڭلا بولۇپ قالدىڭ. نىمىشقىمۇ گەپ ئاڭلىمايدىغانسەن؟

مەن ئۆنچۇقماي ئاپامنىڭ كەينىدىن ئاستا ئۆيگە كىر-



دىم، ئۆيگە كىرىشىم
بىلەن سافادا دادام
بىلەن پاراڭلىشىپ
ئولتۇرغان شەيخىد-
دىن مۇئەللىمنى
كۆرۈپ، تۇرغان
جايىمدا داڭ قې-
تىپ قالدىم «ئەم-
دى تۈگىدى، ئۇ
بىزنىڭ ئۆيگە، بۈ-
گۈنكى ئىشنى دا-
دامغا ئېيتقىلى كەپ-
تۇ. بۈگۈن كۆرىدى-
غىنىم بار ئىكەندە»
خىيالىمنى دادام-
نىڭ ئاۋازى بۆلدى.

— قېنى، تېز كېلىپ سالام قىل! — دېدى دادام، ئاندىن
مۇئەللىم تەرەپكە بۇرۇلۇپ، — مۇئەللىم، مېنىڭ بەڭۋاش
ئوغلۇم مۇشۇ. ئۇنىڭ شوخلىغىنى بىر دېمەڭ.

شەيخىدىن مۇئەللىم ماڭا قاراپ خۇشخۇيلۇق بىلەن
كۈلۈپ قويۇپ:

— سەن تونۇشتۇرمىساڭمۇ، بىز بۈگۈن تونۇشۇپ بولغان،
شۇنداقمۇ، — دېدى.

دادام ھەيران بولۇپ، بىر ماڭا، بىر شەيخىدىن مۇ-
ئەللىمگە قارىدى، مەن گاڭگىراپ ھېچنېمىنى چۈشەنمەي

قالدىم.

شۇنىڭ بىلەن شەيخىدىن مۇئەللىم، ئۆزىنىڭ بىرىنىڭ مەكتەپتە ۋاقتىنچە دەرس ئۆتۈپ تۇرۇشقا ماقۇل بولغانلىقىنى، بالىلارنىڭ ئوقۇشسىز قېلىشىغا كۆڭلى ئۇنىمىغانلىقىنى دادامغا چۈشەندۈردى.

— ئوھو، تازا ياخشى بوپتۇ، — دادام بىردىنلا مەن تەرەپكە بۇرۇلۇپ، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ئوغلۇم، شەيخىدىن مۇئەللىم كىچىك ۋاقتىمدا مېنىمۇ ئوقۇتقان. ھازىر ئۆزىنىڭ ياشىنىپ قالغىنىغا قارىماي، يەنە سىلەرنى ئوقۇتقىلى كەپتۇ. سەن يەنە بۇرۇنقىدەك دەرس ۋاقتىدا كەپسىزلىك قىلساڭ بولمايدۇ - جۇمۇ!

بۇ گەپنى ئاڭلاپ مىڭەمدىن تۈتۈن چىقىپ كەتتى. ئالاقزادىلىك ئىچىدە، دادامنىڭ چىرايىغا قارىيالماي تىرنىقىمنى تاتىلاپ تۇرۇۋالدىم. مېنىڭ ئەنسىز چىرايىمدىن دادام مەلۇم بىر گۇمانغا كەلدى بولغاي، كۆڭلىدىكى گۇماننى ئوچۇقلا ئېيتتى:

— ھوي، بۈگۈن بۈلەكچىلا بوپقاپسەنغۇ؟ سىرتتا بىرەر ئىش تېرىدىپ كەلدىڭمۇ نىمە؟

مەن نىمە دەي؟ شەيخىدىن مۇئەللىمگە كۆزۈمنىڭ قۇيرۇغىدا ئاستا سەپسالدىم. ئۇ ماڭا قاراپ كۆزىنى قىسىپ قويدى. گويا: «ئوغلۇم، خىجالەت بولما، قىلغان خاتالىغىڭنى تونساڭلا ياخشى بالا بولسەن» دەۋاتقاندەك قىلاتتى. خىيالىمغا «شەيخىدىن مۇئەللىم بۈگۈنكى ئىشمنى دادامغا ئېيتماپتۇ» دىگەن ئوي كەلدى. ئەمما خوشال بولۇشنىڭ ئورنىغا ئەكسىچە تېخىمۇ بىئارام بولۇپ كەتتىم. ئەمدى قانداق قىلىشىم كېرەك؟

دادام ماڭا ھەيران بولغان ھالدا قاراپ تۇراتتى. ئاخىرى مەن پۈتۈن غەيرىتىمنى يىغىپ، خىجالەت ئىچىدە بۈگۈنكى ئىشنى سۆزلەپ بەردىم. دادامنىڭ قاپىقى تۈرۈلۈپ ئەمدى بىر نىمە دەي دەپ ئاغزىنى ئېچىشىغا، شەيخىدىن مۇئەللىم ئاۋال سۆزلىدى:

— يارايسەن ئوغلۇم، ئوغۇل بالا دىگەن مانا مۇشۇنداق بولۇشى كېرەك. خاتالىغىنى تونۇش، بۇ بىر ياخشى خىسلەت. تۈزەتسەڭلا بولدى.

شەيخىدىن مۇئەللىمنىڭ مەندىن رەنجىمىگەنلىگى دادامنىڭ ئاچچىغىنى ياندۇردى بولغاي، ئۇ ماڭا بىرقانچە ئېغىز نەسىھەت قىلىپلا بولدى قىلدى.

مەن خۇددى يەلكەمنى بېسىپ تۇرغان يوغان بىر پارچە تاشنى ئېلىۋەتكەندەك يېنىكلىشىپ، ئېيتقۇسىز دەرىجىدە خوشاللىقتا چۆمدۈم-دە، شەيخىدىن مۇئەللىمنىڭ قولىغا ئېسىلىپ بۇقۇلداپ يىغلىۋەتتىم.

## ئىسىمىڭىزنىڭ مەنىسىنى بىلەمسىز؟

| | |
|---|---|
| ھەبىبۇللا | خۇدانى دوست تۇتقۇچى |
| دىلشات، دىلشاد | دىلى خۇش، دىلى خوشال كىشى |
| رۇقىيە | باشقىلارغا مېھرىۋانلىق قىلغۇچى |
| ئاسىم | گۇناسىز |
| ئاببىاس | قوشۇمىسىنى تۈرۈپ يۈرۈيدىغان، غەزەپلىك، جىددى كىشى |
| روزى | روزى ئايدا تۇغۇلغان، ۋاقىت، كۈن، زامان |
| دىلدار | كۆڭۈلنى تارتقۇچى |


Altun0q

## ئىككى شېئىر

ئەنۋەر ھاشىم

### سۇ ۋە بېلىق

سۇنىڭ ئىچىدە
ياشايدۇ بېلىق؛
سۇدىن ئايرىلسا
ئۆلۈشى ئېنىق.

مەن گويا بېلىق
ۋەتىنىم دېڭىز؛
ياشىيالمايمەن
ئۇنىڭسىز ھەرگىز.

### پۇتبولۇم

ئەي پۇتبولۇم، پۇتبولۇم،
ئالا ـ بالداق پۇتبولۇم.
كىچىگىمدىن مەن ساڭا
زەپمۇ ئامراق پۇتبولۇم.

ھەي پۇتبولۇم، پۇتبولۇم،
ئالا ـ بالداق پۇتبولۇم.
سېنى دائىم ئوينىغاچ،
ساغلام ئۆستۈم پۇتبولۇم.

# ئوغلۇمنىڭ دوستى



(ھىكايە)

## تۇرسۇننىياز تۇرسۇنتوختى

سىرتتىن ئىشىكنى ئېچىپ كىرسەم، ئۇ ئۇمچىيىپ ئول-تۇرۇپتۇ. «شوخلۇق قىلىپ ئاپىسىدىن گەپ ئاڭلىغان ئوخشايدۇ» دەپ ئويلىدىم-دە، گەپ-سۆز قىلماستىنلا ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ كەتتىم.

باشقا ۋاقىتلاردا بولسا، ئۇ ماڭا ئەركىلەپ بوينۇمغا ئېسىلىپ كېتەتتى. لېكىن بۈگۈن گويا مېنىڭ كىرگىنىمنى كۆرمىگەن-دەك ئۇدۇل تامدىكى ئويۇقتا تىكىلگىنىچە ئولتۇرغىنى ئول-تۇرغان ئىدى.

كەچلىك تاماق ۋاقتىدىمۇ ئوغلۇمنىڭ روھىي ھالىتى يەنىلا ياخشى بولمىدى.

— ئوغلۇم، — دېدىم مەن ئۇنىڭ تاماق يېمەي ئولتۇر-غىنىنى كۆرۈپ، — ساڭا نېمە بولدى، نېمىشقا تاماق يېمەيسەن؟

ئۇ جاۋاپ بېرىش ئورنىغا قاپ-قارا كۆزىدىن لۆمۈلدىتىپ

ياش تۆكۈشكە، ئاندىن خىتدلداشقا باشلىدى. «تووا، بۇ بالىغا بۈگۈن نېمە بولغاندۇ؟» ئادەتتە تىنىم تاپمايدىغان شوخ بالا، شۇ تاپتا خۇددى ئانىسىدىن ئايرىلىپ قالغان قوزىدەك مۇڭلىنىپ ئولتۇراتتى. مەكتەپتە بىرەر كۆڭۈلسىز-لىك يۈز بەردىمۇ-يە؟» ئۇ جاۋاپ بەرمىگەنسېرى كۆڭلۈمگە ھەر خىل خىياللار كېلىشكە باشلىدى.

— بالام، ماڭا دېگىنە، زادى نېمە ئىش بولدى؟ ياكى مەكتەپتە بىرەرسى سېنى رەنجىتتىمۇ؟

— دادا... ئوغلۇم بىر ئاز مىسىلدىغاندىن كېيىن، يېنىدىكى بىر قەغەز ساندۇقتىن تېپىرلاپ تۇرغان بىر نەر-سىنى ئاۋايلاپ تۇتۇپ، جوزا ئۈستىگە قويدى.

— ۋاھ، بۇ قاراغۇجىغۇ؟- دەۋەتتىم مەن ھەيران بول-غىنىمدىن.

— مەكتەپتىن قايتىپ كېلىۋاتسام يول بويىدىكى ئېرىق ئىچىدە تېپىرلاپ يېتىپتۇ. قولۇمغا ئېلىپ قارىسام ئەزايى قان تۇرىدۇ، ئىچىم ئاغرىپ ئۆيگە ئەكەلدىم، مانا ئىككى-ئۈچ سائەت بولدى، ھېچنىمە يېمەيدۇ، ئۆلۈپ قالامدىكىن دەپ ئەنسىرەۋاتىمەن،— دېدى ئوغلۇم ئالدىمدىكى نىمجان جانىۋاردىن كۆزىنى ئۈزمەي.

— ھە، مۇنداق دېگىن ئوغلۇم، مەن تېخى سېنى تاپشۇرۇقتىن تۆۋەن نومۇر ئېلىپ، ئاپاڭدىن گەپ ئىشتى-تىمىكىن دەپ ئويلاپتىمەن. ئەمدى بۇنى قانداق قىلاي دەيسەن؟

— قانداق قىلاتتىم؟ سىز... سىز دوختۇر بولغاندىكىن، بۇنى داۋالاپ بەرسىڭىز،— ئۇ سەل ئۇڭايسىزلانغاندەك بولدى.

— بۇ... بۇ...— مەن ئۇنىڭ بۇنداق دېيىشىنى ئويلاپمۇ باقمىغان ئىدىم،— ئوغلۇم، مەن ئادەملەرنى داۋالىغىنىم

بىلەن، ئۇچار-قاناتلارنى داۋالاشنى بىلمەيمەن-دە!

— دادا، سىز دائىم ئۇچار-قۇشلار ئىنسانلارنىڭ ياخشى دوستى، ئۇنى ھەممە ئادەم ئاسرىشى كېرەك دەيتتىڭىزغۇ؟ ئەمدى... — ئوغلۇم گېپىمنى تۈگەتمەستىنلا يەرگە قارىۋالدى.

ئەمدى نېمە دېيىش كېرەك؟ ھەي، ھازىرقى زامانىنىڭ بالىلىرى نېمە دېگەن ئەقىللىق.

— بولدى، ئوغلۇم بولدى، مەن يېڭىلدىم، ئامال قىلىپ كۆرىمىز، — دېدىم مەن ئۇنىڭ يىغلامسىراپ تۇرغان ئەلپازىغا قاراپ.



بىز ئىشقا كىرىشىپ كەتتۇق. بىچارە جانىۋارنىڭ بەدىنىدىكى قېتىپ قالغان قانلارنى ئىلمان سۇ بىلەن يۇيۇپ بولغاندىن كېيىن قارىسام، زېدە بولغان يەر ئۇڭ قاناتنىڭ تۆشكە يېقىن يېرىدە ئىكەن. ئوغلۇم يۈگۈرۈپ يۈرۈپ، بىردەم پاختا، بىردەم يودلارنى ئالدىمغا تەييار قىلىپ تۇراتتى.

يېرىم سائەتكە يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە بۇ ئۇچار قاناتنى داۋالاش ئىشى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئاياقلاشتى. تېخى بايىلا بېشىنى قاناتلىرى ئارىسىغا تىقىپ تىترەپ تۇرغان نىمجان جانىۋار ئاستا-ئاستا جانلىنىشقا، بۇرۇنقى شوخلۇغىنى قايتىدىن تېپىشقا باشلىغان ئىدى. ئوغلۇمنىڭ مەسۇم

چىرايىنى شۇ تاپتا باشقىدىن پارلاپ، كۆزلىرىدىن ئىپتىقۇسىز بىر شاتلىق جىلۋىسى چىمىرلاشقا باشلىغان ئىدى.

— دادا، — دېدى ئوغلۇم قولۇمنى يۇيۇۋاتسام، — ئەمدى بۇ بىچارە ئەتىلا ئۇچالايدۇ-ھە؟

— ئۇنىڭ ئۇچۇشى ئۈچۈن يەنە بىرقانچە كۈن كېرەك، ئەمما خاتىرجەم بول ئوغلۇم، ئۇ چوقۇم ئۇچالايدۇ.

ئوغلۇم شوخ تايچاقتەك قىيغىتىپ كېلىپ، بويىنۇمغا ئېسىلدى-دە، يۈز-كۆزلىرىمگە سۆيۈشكە، پاختىدەك يۇمشاق ۋە يۇمران مەڭزىنى مەڭزىمگە سۈركەشكە باشلىدى. ئۇنىڭ قەلبىدە باياتىنقى روھىي ئازاپتىن قىلچىمۇ ئەسەر قالمىغان ئىدى.

ئوغلۇم ئەتىسىلا كاردون قەغەز ساندۇقچىدىن چىرايلىق بىر قەپەز ياساپتۇ. ئۇنىڭ قولىدىن قەپەزنى ئېلىپ:

— پاھ! قالتىس چىرايلىق ياساپسەن، — دېدىم مەن.

ساندۇقچە خۇددى ماھىر ئۇستىنىڭ قولى بىلەن سىزىلىنغان چىرايلىق بىر ئېگىز ئۆيگىلا ئوخشايتتى. ئىككى تەرىپىگە دەرىزە پوسۇنىدا روجەك ئويۇلۇپ، نېپىز ئاق سۇلياۋ پارچىسى يېپىشتۇرۇلغان، ئىشىكىمۇ ئىنچىكە سىم بىلەن پۇختا ئورنىتىلغان ئىدى. ئۈستى چېدىر شەكلىدە يېپىلغان بولۇپ، بىر يېنىغا ھاۋا ئالمىشىش تۆشۈكى تۇرخۇن شەكلىدە ياسالغان ئىدى. ئوغلۇم مېنىڭ ئۇنى پۈتۈن زوقىم بىلەن يېنىش-يېنىشلاپ قاراۋاتقانلىقىمنى كۆرۈپ، خوشاللىقىدىن ئۆي ئىچىدە كېپىنەكتەك ئايلىنىپ ئۇسۇل ئويناشقا باشلىدى.

ئوغلۇم تەقەززا بولۇپ كۈتكەن مىنۇتلارمۇ يېتىپ كەلدى. ھاۋا ئوچۇق بىر ئەتىگىنى بىز قارلىغۇچنى قويۇپ بەردۇق، بۇ جانىۋار بىزدىن ئايرىلىشقا قىيمىغاندەك ئۇلۇق


Altun0q

ئېچىۋېتىلگەن ئۇگىسىنىڭ ئىشىگىدە بىر پەس توختاپ،
مۇڭلۇق ئاۋازى بىلەن بىر - ئىككى رەت سايرىغاندىن كېيىن،
ئوغلۇمنىڭ تىترەپ تۇرغان بىلىگىگە قوندى ۋە ئاخىرقى
قېتىم بىر قەپەس سايرىغىنىچە «پۇررىدە» قىلىپ ئۇچۇپ
كەتتى. قاناتلىرىنى يەڭگىل - يەڭگىل قېقىپ ئۇچۇپ كېتىۋاتە-
قان قارغۇجا كەيىندىن قاراپ تۇرغان ئوغلۇمنىڭ كۆزىدىن
ئىككى تامچە ياش ئېقىپ مەڭزى ئۈستىدە دومىلاشقا
باشلىدى.



— دادا، — دىدى ئوغلۇم
ئۈپۈق سىزىغىغا تەلمۈرگىنىچە، — مۇئەللىم بىزگە:
ئۇچار - قۇشلار ئىنسانلار-
نىڭ يېقىن دوستى دەپ
ئېيتقان ئىدى، مۇشۇ قارد-
غۇجمۇ ماڭا شۇنداق تۇ-
يۇلىۋاتىدۇ، ئۇ يەنە مېنى
يوقلاپ كېلەرمۇ؟
— يوقلاپ كېلىدۇ
ئوغلۇم، يوقلاپ كېلىدۇ.
قۇشلارنىڭ ئاجايىپ ۋاپادار-
لىق پەزىلىتى بار، ئۇ كېلەر
يىلى ساڭا باش باھاردىن خەۋەر ئېلىپ كېلىدۇ!
— ئاھ! مەن نىمە دىگەن بەختلىك - ھە، مېنىڭ قۇش-
لاردىنمۇ دوستۇم بار بولدى! — دىدى ئوغلۇم ھاياجان-
لانغان ھالدا.

# ئۇنتۇلماس بىر كۈن

(خاتىرەمدىن)

جالالىدىن جارۇللا

ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان قەلبىمنىڭ تۆرىدە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان بىر جۈمە كۈنى — ماڭا خۇددى تۈنۈگۈنكى بازار كۈنىدەكلا تۇيۇلىدۇ. ئۇ كۈننى ئەسلىسەم قەلبىمنى ھاياجان باسىدۇ، شۇ چاغدىكى ئوتلۇق تەسىرات ھازىرمۇ پۈتۈن ۋۇجۇدۇمغا ئۆركەش ياساۋاتقاندەك سۆيۈنۈپ كېتىمەن...

1948 - يىلى سېنتەبىرنىڭ ھاۋا ئوچۇق بىر جۈمە كۈنى ئىدى. دەل چىڭقى چۈش ۋاقتى، دادام ئاق بۆز رەختىن سايىۋەن قىلىۋالغان باققالچىلىق تەنزىمىزنىڭ ئالدىدا ئۆرە تۇرۇپ، ئايىغى ئۈزۈلمەي دىگىدەك كېلىپ - كېتىۋاتقان خېرىدارلارغا ئالما ساتماقتا. بۇ ئون ئىككى ياش ئەتراپىدىكى سەبى چېغىم بولسىمۇ، دادامغا ياردەملەشمەكتە ئىدىم. تەنزىمىزدە پاكىز سۈرتۈلۈپ، قەغەزلەرگە ئوراپ قويۇلغان ھەر خىل ئالما، نەشپۈتلەرنىڭ سەر خىللىرى تىزىلغان بولۇپ

ئۈستى ئاپپاق داكىلار بىلەن يېپىقلىق ئىدى. دادام بىر چاغدا نىمىشقىدۇر چوڭ يول تەرەپكە قاراپ تىكىلگىنىچە تۇرۇپ قالدى. نىمىگە شۇنچە تىكىلىپ قارايدىغاندۇ، دىگەن خىيال كاللامدىن كەچتى-دە، مەنمۇ شۇ تەرەپكە قارىدىم. لېكىن ئۇياق-بۇياقتا ئۆتۈشۈپ تۇرۇۋاتقان ئادەملەردىن باشقا ھەيران قالغۇدەك ھېچنىمە كۆرمىدىم. قىن-قىنىغا پاتماي قېلىۋاتقان دادام ھەممىنى ئۇنتۇدى بولغاي، مۆھە ئېلىپ پۇل سۇنۇۋاتقان خېرىدارلار بىلەنمۇ كارى بولماي قالدى. مەن چەبدەسلىك بىلەن پۇللارنى ئېلىپ غەلىگە تاشلايتتىم.

شۇ ئەسنادا ئوتتۇرا بوي، گەۋدىلىك، قىسقا قارا بۇرۇتلۇق، يېقىن تونۇشتەكلا ئىللىق چىراي بىر كىشى يەنە ئىككىيلەن بىلەن كۈلۈمسىرىگەن ھالدا ئالدىمىزغا كېلىپ قالدى.


— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، — دىدى ھىلىقى ئىللىق چىراي كىشى.

دادامۇ شۇئان قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ خوشاللىق بىلەن:

— ۋائەلەيكۇم ئەسسالام، كەلسىلە ئەپەندىم، — دەپ ئىككى قوللاپ كۆرۈشتى. قالغان ئىككىيلەن بىلەنمۇ قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ تېچلىق سوراشتى. دادام ئەپەندىم دەپ ئاتىغان كىشى يېنىمغا كېلىپ مېھرىۋانلىق بىلەن بېشىمنى سىلاپ تۇرۇپ:

— زىياۋۇدۇن ئاكا، ئوغۇل چوڭ بولۇپ ئەسقىيتىپ قاپتۇ، ئۇزۇنغا قالماي باققال بولىدىغان ئوخشىمامدۇ؟ — دىدى.

— ھەئە، بۇنىڭ خېلى دىتى بار. خۇدا بۇيرۇسا ئاتا كەسپىگە ۋارىس بولۇپ، ئاش - نې - نىنى ھالاللاپ يەيدىغۇ دىگەن ئۈمىتتىمەن.



— بۇ گەپچە بالىنى مەكتەپكىمۇ بەرمىگەن ئوخشايلا.

— ياق، بالىنى ئوقۇشقا بەرمەمدىغان ئەپەندىم، ئۆزدە - مىزنىڭ ساۋاتسىزلىقى يەتمەمدۇ، — مۇشۇ «ئىلى مەكتەپ» نىڭ 4 - سىنىپىدا ئوقۇۋاتىدۇ، — دادام قولى بىلەن شەھەر ئىچى تەرەپنى كۆرسىتىپ دەررۇلا جاۋاپ بەردى.

— ئوقۇغىنى ياخشى، — دىدى ئەپەندىم دىگەن كىشى مېنىڭ باش - ئايىغىمغا كۆز يۈگۈرتۈپ، — ئۆسمۈر بالىلارنىڭ ھازىر راسا ئوقۇپ بىلىم ئىگەللەيدىغان ۋاقتى. دۇكان، ئۆي ئىشلىرىغا بەنت قىلىۋالغاندا پايدا يوق.

— شۇنداق ئەپەندىم، بىزغۇ بالىنى ھەرگىز ئوقۇشتىن باشقا بىھۇدە ئىشلارغا سالمايمىز. بۇ ئوغلىمىز مەكتەپ دەم ئېلىشقا قويۇپ بەرگەن ھەر جۈمە كۈنى ئويغاتمىسامۇ قاق سەھەردە ئورنىدىن تۇرۇۋېلىپ، ماڭا ئەگىشىپ مۇشۇنداق دۇكانغا كېلىۋالىدۇ.

ئەپەندىملەر كۈلۈپ كەتتى.

— ئوقەتچى بالىسى ئوقەتكىمۇ پىشماقچى - دە! — دىدى

ھىلىقى ئەپەندىم دىگەن كىشى، — زىياۋۇدۇن ئاكا، بۇ يىل مىۋىلەر ئوبدان ئوخشىدى، ئىش ـ ئوقەتلىرى ئىلگىرلىۋاتامدىغاندۇ؟

— ئەلھەمدۇلىللا ئەپەندىم، — دىدى دادام تەمكىنلىك بىلەن بېشىنى لىڭشىتىپ، — ئۆزلىرى ئېيتقانىدەك بۇ يىل مىۋە ـ چىۋە راسا ئوخشىدى. تىجارەتچىنىڭ يولى بىر، رىسقى باشقا دىگەندەك ئىلگىرلىۋاتىدۇ، ئەل قاتارى باققاللىچىلىقـ نىڭ نېنىنى يەپ تۇرۇپتىمىز، — گەپ ئارىلىغىدا دادام ئولتۇرۇسلا ئەپەندىم، ئولتۇرۇسلا، دەپ ئۆزى ئولتۇرىدىغان يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقنى ئەپەندىمنىڭ ئالدىغا سۈرۈپ قويدى. يېنىدىكى ھەمراللىرىنىڭمۇ تەنزە ئالدىدىكى ئۈزۈن بەندىڭدە ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى.

— رەھمەت، رەھمەت، — دىدى ئەپەندىم خۇشخۇيلۇق بىلەن، — ئاۋارە بولمىسىلا، بىز ئالدىرايمىز، بازارنى كۆرۈپ باقايلى دەپ چىققان ئىدۇق.

— دادا، ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئەجەپ قاراپ كەتتىڭا؟ — دىدىم داڭ قېتىپ قالغان دادامغا قاراپ.

دادام ماڭا يۈزلەندى ۋە:

— ھەي بالام، كىچىكسەن ـ دە، بايا بېشىڭنى سىلاپ سىلىق گەپ قىلغان ئادەم شەھەر مەكتەپتە دائىم «سالام رەھبىرىمىز ئەخمەتجان» دەپ ئوقۇيدىغان ناخشىدىكى ئەخمەتجان قاسىمى دىگەن قەدىرلىك رەھبىرىمىز! — دىدى.

مەن:

— ھە!... رەھبىرىمىز ئەخمەتجان قاسىمى، — دىگىنىمچە دادامغا تىكىلىپ تۇرۇپ قالدىم...

ئاشۇ قۇتلۇق كۈن شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن يۈرىكىمدە مەڭگۈ ئۇنتۇلماس بىر كۈن بولۇپ قالدى.



Altun0q

شېئىرلار

## تاپشۇرۇق

مەۋلان

تاپشۇرۇق، ئەي تاپشۇرۇق،
سەن بىلەن يۈز بەك يورۇق.
بىلمىسەم مەن دەرسىمنى،
ئۆتەر كۈنۈم قايغۇلۇق.

«يۈز» نومۇرنى ئالغاندا،
بېشىم كۆككە يېتىدۇ.
ئۆگەنگەنچە بىلىمنى،
ئويقۇم نېرى كېتىدۇ.

شۇڭا سېنى ئىشلىمەك،
مېنىڭ دائىم ئادىتىم.
«ئەلاچى» بوپ ئوقۇسام،
شۇ ئەمەسمۇ ئارمىنىم.

## ئىشچانلاردىن بولغۇم بار

دادام ئىشچى — كۆمۈرچى،
كۆمۈر كاندا ئىشلەيدۇ.
ئۇشكە تۇتقان بىلگى
كۆمۈر قېزىپ تالمايدۇ.

ئىش كۈندىن قالمايدۇ،
دائىم ياخشى ئىشلەيدۇ.
ئىلغار ئىشچى نامىنى،
زادى قولدىن بەرمەيدۇ.

دادام ماڭا ئىلھامچى،
ئەلا ئوقۇش ئەھدەم بار.
كەلگۈسىدە دادامدەك،
ئىشچانلاردىن بولغۇم بار.

## مەكتىۋىم

ئىمارىتىڭ ئاددىلا،
«ھەشەمەت» لىك ئەمەسسەن.
لېكىن سېنىڭ خىسلىتىڭ،
ئۇلۇغ شۇنچە بىلمەسسەن.

ئۆزگەرمىدىڭ شۇندىمۇ،
(تۇردى قەددىڭ ئاددىلا)
لېكىن سەندە يېتىلدى،
ئەدىپ، تېخنىك، ئالىملار.

سەندە ئۆستى نى تالاي،
غۇنچە بويلۇق باللار.
ئاشۇ غۇنچە يېتىلىپ،
گۈلگە تولدى داللار...

شۇڭا ئەزىز ماڭا سەن،
جانىجانىم مەكتىۋىم.
ئۇنتۇمايمەن مەڭگۈگە،
سېنى ئانا مەكتىۋىم.

---

## يومۇر

بوۋاي: هوي بالام، هارۋام پاتقاقتا پېتىپ قالدى، چىقىرىشىپ بېرىڭا.

بالا: نەچچە پۇل بېرىسىز ؟

# چولپاننىڭ جاۋابى

مۇھەممەت تاش

ماڭسام سەھەر مەكتەپكە،
چولپان كۈلۈپ قارايدۇ.
ئۇنى كۆرسەم دىلىمنى،
شېرىن خىيال ئورايدۇ.

دېدىم بىر كۈن چولپانغا:
«ساڭا مېھمان بولغۇم بار،
كەڭ ئازادە قوينۇڭدا،
نېمە باردۇر بىلگۈم بار».

دېدى شۇئان چولپان قىز:
«ئۇلۇغ ئىكەن ئىستىكىڭ.
ئىشقا ئاشماس شۇ غايەڭ،
گەر بولمىسا بىلىمىڭ.

ئىلىم - پەننى ئۆگەنسەڭ،
ماڭا مېھمان بولىسەن.
سىرلىرىمنى ئاچقۇدەك،
كۈچ - ئەقىلگە تولىسەن».

## مەشھۇر ئايال ــ ھېلېن كايلور

ئامېرىكىلىق مەشھۇر يازغۇچى مارك تۋېن: «19 - ئەسىردە مەشھۇر شەخستىن ئىككىسى مەيدانغا كەلدى. ئۇ- لارنىڭ بىرى ناپالېئون؛ يەنە بىرى ھېلېن كايلور» دېگەن ئىدى.

ھېلېن كايلور 1880 - يىلى ئامېرىكىنىڭ جەنۇبىدىكى كىچىك بىر بازاردا دۇنىياغا كەلگەن. ئۇ بىر يېرىم ياشقا كىرگەندە، بەختكە قارشى كېسەلمەن بولۇپ قالىدۇ، بۇ كې- سەل ئۇنى قارغۇ، گاس ھەم گاچا قىلىپ قويىدۇ. پەقەت ئانىسىنىڭ مېھرى - مۇھەببىتى ۋە ئەقىل - پاراسىتى ئۇنىڭغا يورۇقلۇق بەخش ئەتتى. ئۇمۇ باشقا بالىلارغا ئوخشاش ئەتراپىدىكى شەيئىلەرنى بىلىشكە ئىنتىلەتتى، باشقىلارنىڭ ئۆزىنى چۈشىنىشىنى ئارزۇ قىلاتتى. لېكىن قارغۇ، گاس ھەم گاچا بالا ئۈچۈن، بۇ ئىنتايىن تەس ئىش ئىدى. ئۇ شوخ، كەپسىز، ئۇنىڭ ئۇستىگە كاج ئىدى. قىيىنچىلىققا باش ئەگمەيت- تى، باشقىلار بىلەن قول ئىشارىسى ئارقىلىق پىكىر ئالماش- تۇراتتى، باشقىلار ئۇنىڭ مەقسىدىنى چۈشەنمىسە، ئۇ ئاچچىد- غىدىن تىت - تىت بولۇپ كېتەتتى. تەقدىرگە بوي سۇنماس- لىق ئوتى ئۇنىڭ قەلبىدە لاۋۇلدايتتى، قۇتۇلۇپ بولمايدى- غان قىيىنچىلىق ئۇنى چىدىغۇسىز ئازاپلايتتى. بەختكە يارى- شا، ئۇ ئالتە ياشقا كىرگەندە، ئاننې شالۋىن ئىسىملىك بىر

قىز ئۇنىڭغا ئائىلە ئوقۇتقۇچىسى بولغىلى كېلىدۇ. ئاننى پەۋ-قۇلئاددە غەيرەت - جاسارىتى ئارقىلىق ئۇنى سەۋرچانلىق بىلەن تەربىيىلەيدۇ، ئۇنىڭغا جاھالەت دۇنياسىدىن بۆسۈپ چىقىپ كېتىشكە جۈرئەت بېغىشلايدۇ.

ھېلېن كايلور تۇرمۇشتىكى ھەممە نەرسىنى تەشنالىق بىلەن بىلىشكە باشلاپ، «قەدەممۇ - قەدەم ئالغا باسىدۇ» ئۇ ھېچنېمىنى ئاڭلىيالمىسىمۇ، كۆرەلمىسىمۇ، گەپ قىلىۋاتقان ئوقۇتقۇچىنىڭ كالپۇكى ۋە گېلىنى سىلاشتۇرۇپ يۈرۈپ، تاۋۇش چىقىرىشنى ئۆگىنىۋالىدۇ. ئۇ دەسلەپتە بەزى بوغۇم-لارنى ئېنىق تەلەپپۇز قىلالمايدۇ، لېكىن كېيىن شېكسپېر دىراممىلىرىدىكى كىشىنىڭ يۈرەك تارىسىنى تىترىتىدىغان شېئىرلارنىمۇ راۋان يادلاپ بېرەلەيدىغان بولىدۇ. ھېلېن كاي-لور بىلىمنىڭ كىشىگە مۇھەببەت، يورۇقلۇق ۋە ئەقىل - پاراسەت بېغىشلايدىغانلىقىنى بىلگەچكە، تىرىشىپ ئۆگىنىدۇ، ئەمالار يېزىقىدا يېزىقچىلىق قىلىدۇ. مەڭگۈ قانمايدىغان بىلىم ئېلىش ئارزۇسى، ئۇنىڭدا ئۆزى ياخشى كۆرىدىغانلىكى نەرسىنى قوبۇل قىلىپ، ئاندىن ئۇنى ئۆز نەرسىسى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويۇش ئادىتىنى يېتىلدۈرىدۇ. ئۇ ئەزەلدىن ئۆزىنى «مېيىپ» ھېساپلىمايتتى، بەلكى باشقىلارغا ئوخشاش ياشىشىم، ئۆگىنىشىم ۋە ئىشلىشىم كېرەك دەپ قارايتتى. ئۇ ئوقۇتقۇچىنىڭ ياردىمىدە ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپكە باتۇرلۇق بىلەن قەدەم قويىدۇ. ئاندىن كىشىلەرنى ھاڭ - تاڭ قالدۇرۇپ، ئامېرىكىدى-كى بىرىنچى دەرىجىلىك ئالىي بىلىم يۇرت — ھاۋرى ئۇن-ۋېرسىتېتىغا ئىمتىھان بېرىپ كىرىدۇ. ئۇ مۇنداق دېگەن ئىدى: «ماڭا يوقۇرى پەللىگە چىقىدىغان داغدام يول بول-مىغاندىكىن، ئۇ يەرگە ئۆزەمنىڭ ئەگرى - توقاي يولۇمدا



AltunOq

چىقىمەن». ئۇ فىزىقىنى ئۆگىنىدۇ، ئەدەبىيات، تارىخ، جۇغراپىيە، ماتېماتىكا قاتارلىق قىيىن پەنلەرنى ئاجايىپ جاسارەت بىلەن ئۆگىنىپ، ئالى مەكتەپنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرىدۇ. ئۇ يەنە ئىنگلىز، فرانسۇز، نېمىس، لاتىن ۋە گىرېك تىللىرىنىمۇ ئۆگىنىۋالىدۇ. ئۇ ئەما ۋە گاس بولسىمۇ، جەمىيەتتىكى ناھەقچىلىقنى كۆزىتىدۇ، شەھەرلەردىكى بىرىنى بىرى ئۆلتۈرىدىغان شەپقەتسىز جىنايى ئىشلارغا ئۇرۇشلارغا قاتتىق غەزەپلىنىدۇ، نامرات قېرىنداشلىرىغا چەكسىز ھېسداشلىق قىلىدۇ.

ھېلېن كايـلور ــ ھايات ئۈستىدىن غالىپ كەلگەن ئايال. ئۇ «ئۆزىنى ئۇنتۇش ــ خوشاللىق» دىگەن ئۇمىتۋار روھى ۋە «باشقىلارنىڭ خوشاللىغىنى ئۆز خوشاللىغى دەپ بىلىدىغان» كەڭ قوساقلىغى بىلەن، فىزىئولوگىيىلىك كەمتۈكلۈك پەيدا قىلغان ئازاپ - ئوقۇبەتنى يېڭىپ، قەتئى تەۋرەنمەي تىرىشىپ ئۆگىنىدۇ. نەتىجىدە بىلىملىك مەشھۇر يازغۇچىغا ۋە مائارىپچىغا ئايلىنىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆتكەن يولى ئارقىلىق كىشىلەرگە مېيىپلارنىڭمۇ نى - نى ئىشلارنى قىلالايدىغانلىغىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

## ئىسمىڭىزنىڭ مەنىسىنى بىلەمسىز؟

| | |
|---|---|
| ھۆرىيەت | ئازات، ئازاتلىق |
| جۈرئەت | باتۇر، شىجائەتلىك كىشى |
| باھادىر، باتۇر | قەھرىمان، قورقماس يۈرەك |
| تەلئەت، تەلەت | كۆتۈرۈلۈپ چىققان، پەيدا بولغان |
| زۇمۇرەت، زىمۇرەت | قىممەت باھالىق يېشىل تاش |
| بۇرھان | دەلىل، ھۆججەت، پاكىت، ئىسپات |



**تالانت جاپالىق مېھنەتتىن كېلىدۇ**

## ● ياۋروپادا ئەڭ زور ئالقىشقا ئېرىشكەن ئون يازغۇچى

ياۋروپادا چىقىدىغان تەسىرى خېلى كۈچلۈك بەش خىل گېزىت يېقىندا، ياۋروپادا ئەڭ ئالقىشقا ئېرىشكەن ئون نەپەر يازغۇچىنى باھالاپ چىققان. باھالاش بەلگىلىمىسىدە باھالىنىدىغان ئوبيېكتىلار ۋاپات بولغان يازغۇچىلار بىلەنلا چەكلەنگەن.

باھالاش نەتىجىسى: 1. شېكىسپېر (1564 — 1616) ئەنگلىيىلىك؛ 2. گيوتې (1749 — 1832) گېرمانىيىلىك؛ 3. سېرۋانتېس (1547 — 1616) ئىسپانىيىلىك؛ 4. دانتې (1265 — 1321) ئىتالىيىلىك؛ 5. كافكا (1883 — 1924) گېرمانىيىلىك؛ 6. پرۇست (1871 — 1922) فرانسىيىلىك؛ 7. توماس مان (1875 — 1955) گېرمانىيىلىك؛ 8. مولىيېر (1622 — 1673) فرانسىيىلىك؛ 9. جويىس (1882 — 1941) ئەنگلىيىلىك؛ 10. دىككېنىس (1812 — 1870) ئەنگلىيىلىك.

ماتېرىيالدىن: باتۇر مامۇت

---

ئىسمىڭىزنىڭ مەنىسىنى بىلەمسىز؟

ئابدۇلغاپپار، غاپپار — ئېغىر گۇناھلارنى كەچۈرگۈچى خۇدانىڭ بەندىسى

| | |
|---|---|
| ھېزىم | قەتئىي، كەسكىن كىشى |
| جارى | ياردەمچى، مەدەت بەرگۈچى |
| رازىيە | خوشال بولغۇچى، رازى بولغۇچى |
| سابىر، ساۋۇر | سەۋرى قىلغۇچى، چىداملىق |

# دانىشمەن نەسرىدىن ئەپەندى

ھۆرمەتلىك نەسرىدىن ئەپەندى! مەن بايرام كېچىسى شەھەر ئاسمىنىدا كۆزنى قاماشتۇرىدىغان رەڭگا ـ رەڭ سالىيوت ئۇچقۇنلىرىنى كۆردۈم. ئۇ، كېچە ئاسمىنىنى ئاجايىپ گۈزەل تۈسكە كىرگۈزۈۋەتتى. ھەيرانمەن، بۇ ھەيۋەتلىك سالىيوتلار ـ نىڭ ئوقى نېمىدىن ياسىلىدۇ؟ ئۇ نېمە ئۈچۈن رەڭگا ـ رەڭ ئۇچقۇنلارنى چىقىرالايدۇ؟

ئاقسۇدىن: ئۆمەرجان

ساۋاقداش ئۆمەرجان، خىمىيە دەرسىنى ئوقۇشقا باشلىغان ساۋاقداشلارغا مەلۇمكى، بىر قىسىم مېتاللارنىڭ تۇزلىرى كۆيگەندە ئۆزىگە خاس رەڭدە يالقۇن چىقىرىپ كۆيىدۇ. سالىيوت ــ تۇزلارنىڭ مۇشۇنداق خۇسۇسىيىتىگە ئاساسەن ياسىلىدۇ. ھازىر زاۋۇتلاردا ياسىلىۋاتقان سالىيوتلارغا كۆپىنچە، قىزىل رەڭلىك يالقۇن چىقىرىپ كۆيىدىغان سترونسىي تۇزى، سېرىق رەڭلىك يالقۇن چىقىرىپ كۆيىدىغان ناترىي تۇزى، بىنەپشە رەڭلىك يالقۇن چىقىرىپ كۆيىدىغان كالىي تۇزى، يېشىل رەڭلىك يالقۇن چىقىرىپ كۆيىدىغان بارى تۇزى قاتارلىق ماددىلار ئىشلىتىلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا يەنە يانىدىغان ماددىلاردىن ياغاچ كۆمۈر، گۈڭگۈرت، ئۆزىدىن ئوكسىگېن چىقىرىپ يېنىشنى تېزلىتىدىغان ماددىلاردىن كالىي نىترات، كالىي خلورىدلارمۇ سالىيوت ياساشتا خام ئەشيا قىلىنىدۇ.

بۇ ماددىلار ساليوت ياساشتا ياردەمچىلىك رول ئوينايدىغان ماددىلاردۇر.

ساليوت ياساشتا يۇقۇرىدىكى ماددىلارنىڭ ھەممىسى ئايرىم-ئايرىم ھالدا يۇمشاق سوقۇلىدۇ (ئارىلاشتۇرۇپ سوقسا پارتلاش يۈز بېرىدۇ). ئاندىن ھەر بىرسىدىن مەلۇم نىسبەتتە ئارىلاشتۇرۇپ ساليوت ئوقىغا مەھكەم قاچىلىنىدۇ-دە، ئوقنىڭ پىلىك ياكى پىستان بىكىتىلىدۇ. ئوت پىلىك ياكى پىستان ئارقىلىق ساليوتقا تۇتاشقاندا تۇزلار ئوكسىدىگېن تەسىرى بىلەن شىددەتلىك پارتلاپ يانىدۇ-دە، سىزنى ھەيران قالدۇرغان ئاشۇ رەڭگا-رەڭ ئۇچقۇنلارنى چىقىرىدۇ.

## ھۆرمەتلىك نەسرىدىن ئەپەندى!

يەكشەنبە كۈنى ئىسكەندەر ئىككىمىز ئىشچى ئاكىلارغا ياردەملىشىپ زاۋۇتنىڭ كېرەكسىز تۆمۈر-تەسەكلىرىنى يۆتكىشىپ بەرگەن ئىدۇق. قىزدىقچىلىقتا ئاپپاق مەكتەپ كىيىمىمىزنىڭ قوڭۇر رەڭلىك تۆمۈر دېتى بىلەن بۇلغانغانلىقىنىمۇ سەزمەي قاپتىمىز. ئۆيگە قايتىپ كېلىپ كىيىملەرنى قانچە يۇساقمۇ دات چىقىپ كەتمىدى. ئېيتىڭا، بىز بۇنى قانداق چىقىرىشىمىز كېرەك؟

**بۆرتالادىن: ئابدۇغېنى، ئىسكەندەر**

ساۋاقداش ئابدۇغېنى، بۇنى چىقىرىش ئانچە تەس ئەمەس، لېكىن بۇ خىل داتنى چىقىرىش ئۈچۈنمۇ خىمىيىگە مۇراجەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. سىلەر چۆپ كىسلاتاسىدىن ئازراق تېپىپ، ئۇنى سۇغا ئارىلاشتۇرۇپ تولۇق ئېرىتىۋېلىڭ-

لار. بۇ سۇ بىلەن تۆمۈر دېتى تەككەن كۆيىنەكنى يۇساڭلار، دات دەرھال چىقىپ كېتىدۇ. بۇ ئېرىتمىدە يۇيۇلۇپ پاكىزلەنگەن كۆيىنەكنى سۈزۈك سۇ بىلەن پاكىز چايقىۋېتىش كېرەك. بولمىسا بۇ خىل سۇيۇقلاندۇرۇلغان كىسلاتا كۆيىنەكنى چىرىتىپ تاشلايدۇ.

بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، چۆپ كىسلاتاسى سۇدا ئېرىمەيدىغان تۆمۈر دېتى بىلەن رېئاكسىيىلىنىپ، ئۇنى سۇدا ئېرىيدىغان كومپلېكس بىرىكمىگە ئايلاندۇرىدۇ. شۇڭا ئۇ سۇدا ئېرىپ چىقىپ كېتىدۇ.

ھۆرمەتلىك نەسىرىددىن ئەپەندى! ئۆيىمىزدە بىر مىس قازان بىلەن بىر مىس چۆگۈن بار ئىدى. ئۇ بۇرۇن بەكمۇ پارقىراق ئىدى. لېكىن بارا-بارا خىرەلىشىپ كۆرۈمسىز بولۇپ قالدى. ئېيتىڭا، ئۇنى يەنە بۇرۇنقىدەك پارقىراتقىلى بولامدۇ؟

سۇيىدۇڭدىن: نىجات

ساۋاقداش نىجات، بۇ تامامەن مۇمكىن. مەن مىس قازاننى پارقىرىتىش ئۇسۇلىنى سۆزلەشتىن بۇرۇن سىزگە مىس دېتىنىڭ نىمە ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ ئۆتەي. مىس ئەسۋاپلار نەم جايدا تۇرۇپ قالسا، ھاۋادىكى ئوكسىگېن بىلەن رېئاكسىيىلىشىپ قارا رەڭلىك مىس ئوكسىدى قەۋىتىنى ھاسىل قىلىدۇ ياكى ھاۋادىكى ھىدرو سولفىد بىلەن رېئاكسىيىلىشىپ قارا رەڭلىك مىس سولفىدنى ھاسىل قىلىدۇ. مانا بۇلار قىشۇلۇپ مىس دېتى دېيىلىدۇ. مىس



AltunOq

دېتىنى چىقىرىپ تاشلاشتا، پاختىنىنى قويۇق ئامىياك سۈيى ياكى ئاچچىق سۇغا چىلاپ مىس قازىنىڭىزدىكى داتىنى سۈرتسىڭىز، دات دەرھال چىقىپ كېتىدۇ.

بۇنىڭ سەۋەبى، ئامىياك ۋە ئاچچىق سۇ قاتارلىق ماددىلار مىس دېتىنى ھاسىل قىلغۇچى مىس ئوكسىدى ۋە مىس سولفىدلار بىلەن رېئاكسىيىگە كىرىشىپ، ئۇلارنى ئېرىيدىغان ماددىلاردىن بولغان مىس ئامىياك ۋە مىس ئاتسېتات كومپلېكس بىرىكمىلىرىگە ئايلاندۇرۇۋەتكەنلىكىدىندۇر.

## ئىسمىڭىزنىڭ مەنىسىنى بىلەمسىز؟

| | |
|---|---|
| ئابدۇلقادىر، قادىر | ھەممىگە كۈچى يەتكۈچى خۇدانىڭ بەندىسى |
| لەتىپە | مۇلايىم، يۇمشاق ئايال؛ سۆزى يېقىملىق، مېھرىۋان ئايال |
| مۇھەممەت، مەھەممەت، مەمەت | ماختالغۇچى، مەدھىيە ئېيتقۇچى |
| كامىلە | تولۇپ كامالەتكە يەتكۈچى ئايال |
| كامىل | تولۇپ چېكىگە يەتكۈچى |
| پەرىدە، پەرىدەم | ئۈنچە |
| قاسىم | تەقسىم قىلغۇچى، ئايرىغۇچى، بۆلگۈچى، كەسكۈچى |
| پازىل | ھۈنەرلىك كىشى، ئالاھىدىلىككە ئىگە كىشى |
| غۇلام | خىزمەتچى خادىم، چاكار، دىنىي ئىشلار خىزمەتكارى، دىنىنىڭ چاكىرى |



## بىر تال ئۆچ تال بولۇپ كۆرۈنىدۇ

يىڭنە مىخ بىلەن كاردون قەغەزگە ئۆچ كىچىك تۆشۈك تېشىڭ. بۇ كىچىك تۆشۈكچىلەرنىڭ ئارىلىقى 2 مىللىمېتىر بولۇپ، ئۆچ بۇلۇڭ شەكلىدە تېشىلسۇن. سول قولىڭىز بىلەن كاردون قەغەزنى يورۇقتا (شامغا) قارىتىپ تۇتقان هالدا، ئوڭ قولىڭىزغا يىڭنە مىخى ئېلىپ، كاردون قەغەزنىڭ ئالدىدىن 10 سانتىمېتىر يىراقتا تۇتسىڭىز، بۇ تۆشۈكلەردىن ئۆچ تال يىڭنە مىخنى كۆرىسىز.

بۇ قانداق ئەھۋال؟ چۈنكى، كىچىك تۆشۈكچىلەر كۆزدىمىزدىن خېلىلا كىچىك بولغاچقا، يىڭنە مىخ كۆزنىڭ كۆرۈش قارچۇغىدا ئايرىم-ئايرىم كۆرۈنىدۇ. يىڭنە مىخنى تۆت-بەش ۋە ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ كىچىك تۆشۈكچىلەردىن قارىغاندا، ئۇلارنىڭ نەتىجىسىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى سىناپ كۆرسىڭىز بولىدۇ.

### يۇمۇر

دادىسى: بالام، خوشنىمىزنىڭ بالىسى ھەردائىم «3 تە ياخشى» ئوقۇغۇچى بولۇپ باھالىنىدۇ، سەن بولساڭ دائىم ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەيسەنغۇ؟

بالىسى: چۈنكى، ئۇ مەندىن چوڭ تۇرسا.

# سوغاق سۇ بىلەن قولنى ئىسسىتىش



ئوت ياقمايمۇ
سوغاق سۇ بىلەن قولنى
ئىسسىتىشقا بولىدۇ.
چوڭراق كۇرۇشكىغا
يېرىمىدىن جىقراق
سوغاق سۇ قۇيۇڭ ـ دە،
ئۇنىڭ ئۇستىگە گىپىس
پاراشوگىنى سېلىپ
ئارىلاشتۇرۇڭ. ئېرىتمە
قويۇقلانغاندىن كېيىن،
ئىككى قولىڭىز بىلەن كۇرۇشكىنى تۇتسىڭىز، كۇرۇشكىنىڭ ئىسسىغانلىغىنى سېزىسىز.

بۇ يەردىكى ئىسسىقلىق گىپىس بىلەن سۇنىڭ رېئاكسىيەسىدىن پەيدا بولغان.

تاجىگۇل

## ئىسمىڭىزنىڭ مەنىسىنى بىلەمسىز؟

| | |
|---|---|
| ئەلا | بەلەن، ئىگىز |
| ئەكپەر، ئەكبەر | ئەڭ ئۇلۇغ، ئەڭ چوڭ |
| ئابدۇلقاھار، قاھار | دۈشمەنلىرىگە قەھرى ـ غەزەپلىك خۇدانىڭ بەندىسى |
| سانىيە | ئىككىنچى قىز |
| رىسالەت | خەۋەرلەندۈرمەك، خەۋەر بەرگۈچى |

## قېرىنداشنىڭ تارىخى

ھۇندىن 400 يىل ئىلگىرى قېرىنداش تېخى دۇنياغا كەلمىگەن ئىدى. ئۇندىن بۇرۇن جۇڭگودا خەنزۇلار يۇڭ قەلەم بىلەن خەت يازاتتى. ياۋروپالىقلار غاز قانىتى – پەي قەلەملەرنى ئىشلىتەتتى.

كۆنلەرنىڭ بىرىدە، ئەنگلىيىنىڭ مەلۇم بىر يېرىدە قاتتىق بوران بىر دەرەخنى ئۆرۈپ تاشلايدۇ. بوران توختىغاندىن كېيىن، بۇ يەردىن ئۆتكەن بىر پادىچىنىڭ ئورەك ئىچىدىكى بىر قارا تاشقا كۆزى چۈشىدۇ. تۇتۇپ كۆرسە قولىغا قارا يۇقىدۇ. سىجاپ كۆرسە يۇمشاق ئىكەن، ئىز چىقىرىدۇ، بۇ مەدەن قىرغۇشۇنغا ئوخشاپ كەتكەنلىكتىن، پادىچى ئۇنى «قارا قىرغۇشۇن» دەپ ئاتايدۇ ۋە ئۇنىڭ بىلەن ماللارنىڭ ئۈستىگە بەلگە سالىدۇ.

كېيىن سودىگەرلەر «قارا قىرغۇشۇن»دىن پايدىلىنىپ پۇل تېپىشنىڭ كويىغا چۈشۈپ، بۇ قارا مەدەننى قېزىپ چىقىرىدۇ-دە، «ئەن تېشى» دىگەن ماركىنى چاپلاپ سېتىشقا باشلايدۇ. سودىگەرلەر ئۇنى مال تايلىرىنىڭ ئۈستىگە نومۇر سېلىش، خەت يېزىش ئۈچۈن ئىشلىتىدۇ. كېيىن بۇ ئوقەتنىڭ چەتئەللەردىمۇ بازىرى چىقىپ كېتىدۇ.

كېيىن ئەنگلىيە-فرانسىيە ئۇرۇشى باشلىنىپ، فرانسىيە

ئەنگلىيەدىن ئەن تېشى سېتىشۋالالمايدىغان بولۇپ قالىدۇ. ناپولېئون ياكى دېگەن خېمىيە ئالىمىغا بۇ قېيىن مەسىلىنى ھەل قىلىشقا بۇيرۇق قىلىدۇ. ياكى «قارا قوغۇشۇن»نى ئېزىدۇ-دە، ئۇنىڭغا سېغىز توپا ئارىلاشتۇرۇپ، خېمىر پىلتىسى ھالىتىگە كەلتۈرىدۇ ۋە خۇمدانىدا كۆيدۈرۈپ، خەت يازغىلى بولىدىغان چىدامىلىق قارا قوغۇشۇن تاياقچىسىنى ياساپ چىقىدۇ، كېيىن ئالىملار قارا قوغۇشۇن دەپ يۈرگەن بۇ نەرسىنىڭ قوغۇشۇن بولماستىن سۇرمە ئىكەنلىكى ئېنىقلىنىدۇ.

بىراق، بۇ سۇرمە تاياقچە قولنى بۇلغايتتى ھەمدە ئاسان سۇنۇپ كېتەتتى. 1812-يىلى ئامېرىكىلىق بىر ياغاچچى زەي چىقىرىلغان ياغاچنىڭ ئوتتۇرىسىغا سۇرمە تاياقچىنى ئورنىتىپ، ئىككى ياغاچ پارچىسىنى چاپلاپ، دۇنيادا تۇنجى قېرىنداشنى كەشپ قىلىدۇ.

ھازىر بىز ئىشلىتىۋاتقان قېرىنداشلارغا 6B، 3H ياكى HB دېگەندەك ئوخشاش خەتلەر يېزىلغان. بۇ ئىنگلىزچە Black (قارا) ۋە Hard (قاتتىق) دېگەن سۆزلەرنىڭ باش ھەرپىدىن كەلگەن بولۇپ، 6B ئەڭ قارا، رەسىم سىزىشقا ئىشلىتىدىغان يۇمشاق قېرىنداش دېگەن مەنىنى؛ 6H ئەڭ قاتتىق، رەڭگى ئەڭ سۇس، كاپىروپكىدا يېزىشقا مۇۋاپىق دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئوقۇغۇچىلار ئىشلىتىدىغان HB قېرىنداش قاتتىق-يۇمشاقلىقى، رەڭگى مۇۋاپىق قېرىنداش ھېساپلىنىدۇ. يۇمشاق قېرىنداش تاياقچىسىنىڭ تەركىۋىدە سۇرمە مىقدارى كۆپرەك بولىدۇ. قاتتىق قېرىنداش تاياقچىسىنىڭ تەركىۋىدە سېغىز توپىنىڭ مىقدارى كۆپرەك بولىدۇ.

دېمەك، كىچىككىنە قېرىنداشنىڭمۇ ئۆزىگە يارىشا تارىخى بار.

## ئاجايىپ كىيىملەر

### كىر بولمايدىغان كىيىم

سوۋېت ئىتتىپاقى سلتسۇم، مىس، سىنىك قاتارلىق ھاسىلەۋى ماددا ئارىلاشمىسىدىن پايدىلىنىپ بىر خىل رەخت ئىشلىگەن. بۇ خىل رەختتىن تىكىلگەن كىيىملەرگە توپا، چاڭ ۋە ماي قاتارلىق نەرسىلەر چاپلىشىۋالمايدىكەن. بۇنداق كىيىملەر ئاشخانا خادىملىرىغا تازا باپ كېلىدىكەن.

### يېنىكلى بولىدىغان كىيىم

ياپونىيىدە ئاقسىل، ئامىياك كىسلاتاسى، مۇراببا قاتارلىق ئېھتىياجلىق ماددىلارنى بىرىكتۈرۈش ئارقىلىق يېنىكلى بولىدىغان بىر خىل كىيىم تىكىلگەن. بۇنداق كىيىملەر دېڭىز - ئوكيان پاراخوتلىرىدا ئىشلەيدىغانلار، گېئولوگلار ۋە تاغقا چىققۇچىلارغا ماس كېلىدىكەن. ئەگەر سەپەر ئۈستىدە ئۇلارنىڭ ئوزۇق - تۈلۈكى تۈگەپ كېتىپ قالسا، بۇ خىل كىيىمنى ئوزۇق ئورنىدا يېسە بولىدىكەن.

### رەڭگى ئۆزگىرىدىغان كىيىم

ياپونلۇقلار خىمىيىلىك تالالاردىن ھەر خىل مۇھىتتىكى رەڭلەرگە قاراپ رەڭگىنى ئۆزگەرتىدىغان بىر خىل رەختنى

تەتقىق قىلىپ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان. بۇنداق كىيىملەر ئەسكەرلەرگە باپ بولۇپ، ئۇلار بۇ خىل كىيىمنى كىيىپ ئورمانلىقلاردا ئىچىگە كىرىپ مەشىق قىلسا، بۇ خىل كىيىمنىڭ رەڭگى ئورمان رەڭگىگە ئۆزگىرىدىكەن. سېرىق توپراقتا توپراق رەڭگىگە ئۆزگىرىدىكەن.

## ھاشارەت ئۆلتۈرىدىغان كىيىم

فرانسىيىلىكلەر پاشا، قۇرۇت، چىۋىن، كۆمۈتا قاتارلىق ھاشارەتلەردىن مۇداپىئەلىنىش ئۈچۈن بىر خىل كىيىم ئىشلىگەن. بۇ خىل كىيىمنى كىيىۋالسا ھاشارەتلەر چاقالمايلا قالماستىن، بەلكى ئۆلىدىكەن.

## بەدەننى ئۇۋۇلايدىغان كىيىم

ئامېرىكىنىڭ سالامەتلىكنى تەتقىق قىلىدىغان ئالىملىرى بەدەننى ئۇۋۇلايدىغان بىر خىل كىيىمنى ئىجات قىلغان، بۇ خىل كىيىملەرنىڭ ياقىسىدا رەزىنكىگە ئوخشاش كۆپلىگەن تۈگۈرچەكلەر بولۇپ، بەدەندىكى بولجۇڭ گۆشلەرنى ئۇۋۇلاپ تۇرىدىكەن. شۇڭا كىشلەر بۇ خىل كىيىمنى كىيىپ ھەركەت قىلسا قىلچە ھارغىنلىق ھېس قىلمايدىكەن.

تۇردى ئەبەيدۇللا

---

## يۇمۇر

دادىسى: ھەي گالۋاڭ، ئىككى ئوكاڭ سوقۇشۇۋاتسا، نېمىشقا ئاجرىتىۋەتمەي قاراپ تۇردۇڭ ـ ھە؟


بالىسى: ئۆتكەندە ئۆزىڭىز: «باشقىلارنىڭ ئىشىغا ئارىلاشما، كارىڭ بولمىسۇن» دىگەن ئەمەسمۇ؟

# سۇن ۋۇكۇڭنىڭ ئاتوم دۇنياسىنى قالايمىقان قىلىشى



(بېشى ئۆتكەن سانلاردا)

سۇن ۋۇكۇڭ دېخانچىلىق مەيدانىغا ئۇچۇپ بېرىپ بىر توپ ھەسەل ھەرىلىرى بىلەن بىللە ئۇ يەر، بۇ يەرلەردە ئۇچۇپ يۈرۈپ ھەسەل يىغدى. ئەمەلىيەتتە ئۇ نەدە ھەسەل يىغسۇن، ئۇ پەقەت ھازىرقى زىرائەتلەرنىڭ بۇرۇنقىغا ئوخشىمايدىغانلىقىنى زىيارەت قىلدى. بۇ يەردە بېدە بولسا، ئۇ يەردە بۇغداي، بۇغدايلارنىڭ ھەممىسى كۆپ غوللۇق بۇغداي بولۇپ، ئادەم بويى ئۆسكەن ئىدى. يىراقتا رەڭگا-رەڭ ئېچىلغان كېۋەزلەر تۇراتتى. ئېتىزلاردا ئۆكۈزلەر كۆرۈنمەيتتى، ھەممە ئىش ماشىنا بىلەن ئىشلىنىۋاتاتتى. ئۇ ئۇچۇپ بېرىپ ماشىنىلارنىڭ ئىچىدە بىرمۇ ئادەم يوقلۇقىنى كۆردى. سۇن ۋۇكۇڭ: «ئۇ قانداقمۇ ئۆزى ئىش قىلالىسۇن؟ ھەي، بۇ چوقۇم جىن، بەلكىم كالا جىنلىرىنىڭ پادىشاسى بولغان ھىلىقى ئالۋاستى ماشىنا قىياپىتىگە كىرىۋالغان ئوخشايدۇ» دەپ ئويلىدى-دە، دەرھال ئەسلى قىياپىتىگە كىرىپ، ئالتۇن زەر باغلىغان ھاسىنى قولىغا ئېلىپلا تىراكتورنىڭ بېشىغا ئۇردى. «تاڭ» قىلغان ئاۋاز بىلەن



تەڭ ئالتۇن زەر باغلىغان ھاسا ئېگىلىپ كەتتى. تىراكتۇر ھېچنىمە بولمىغان ئىدى. سۇن ۋۇكۇڭ ئىتتىك بېشىنى كۆتىرىپ قارىۋىدى، تىراكتۇر يەنىلا توختىماي مېڭىۋېتىپتۇ، ئۇ شۇ تاپتا سۇن ۋۇكۇڭنى يەنچىپ كۇكۇم - تالقان قىلىۋېتىش ئالدىدا تۇراتتى. سۇن ۋۇكۇڭ ئالدىراپ - تېنەپ بىر سىلىكىندى - دە، يەنە ھەسەل ھەرىسىگە ئايلىنىپ بەدەر قاچتى.

بېشىغا قانداق ئىشلارنىڭ كېلىدىغانلىقىنى كىممۇ ئالدىن بىلەلىسۇن؟ سۇن ۋۇكۇڭ ئۇچۇپ كېتىۋېتىپ ئۆزىنىڭ يەتمىش ئىككى خىل ئۆزگىرەلەيدىغانلىقىنى ئويلاۋاتقاندا، يۇقۇرىدىن چۈشكەن كېپىنەك تۇتقۇش تورى ئۇنى بېسىۋالدى. بىر ئازدىن كېيىن بىر كىچىك بالىنىڭ: «بولۇڭلار! چاپسان كېلىڭلار! مەن بىر قىزىل ھەسەل ھەرىسىنى تۇتۇۋالدىم. ۋاي - ۋۇي! ئەجەپ چىرايلىق ئىكەن، ھېچكىم كۆرۈپ باقمىغان.» دەپ ۋاقىرىغىنى ئاڭلاندى. ئەمما، ئۇ بالا تورنى كۆتەرگەندە قىزىل ھەسەل ھەرىسى غايىپ بولغان ئىدى.

ئەسلىدە سوُن ۋوُكوُڭ چاڭ ـ توزاڭغا ئايلىنىپ، تورنىڭ تۆشۈكىدىن چىقىپ كەتكەن ئىدى.

شامال سوُن ۋوُكوُڭنى دېخانچىلىق مەيدانىنىڭ ئىلمىي تەجرىبىخانىسىغا ئۇچۇرۇپ كىردى. ئۇ قارا بوُغداي ئۇرۇقى چىلانغان بىر ئەينەك قاچىنىڭ ئىچىگە چۈشتى. ئۇرۇقلار تېز ئۆسۈشى ۋە بالدۇر باش چىقىرىشى ئۈچۈن رادىئاكتىپلىق ئېلېمېنت سۇيۇقلۇقىغا چىلانغان ئىدى. سوُن ۋوُكوُڭ ئەل ـ ۋەتتە بۇ ئىشلارنى بىلمەيتتى. ئۇ پەقەت بۇ قاچىدىكى ئاچ يېشىل سۇيۇقلۇقنى بىر چوڭ كۆل دەپ بىلىپ ئىچىدە ئۈزۈپ ئوينىدى.

ئۇزۇن ئۆتمەي ئاگرانوم كېلىپ ئۇرۇقلارنى چىقاردى





AltunOq



ۋە تېرىشقا تەييارلىدى. قاچا ئىچىدە قالغان سۇيۇقلۇقنى يەنە بىر چېلەكتىكى ھاشارەت ئۆلتۈرىدىغان دورا سۇيىگە تۆكتى.

ئەمدى سۇن ۋۇكۇڭغا چاتاق بولدى، ھاشارەت ئۆلتۈرىدىغان دورا سۇيى ئۇنىڭ بەدىنىگە كىرگىلى تۇردى، سۇن ۋۇكۇڭ ئاغرىققا چىدالماي ۋايۋاتىسمۇ بۇنىڭغا نىمە چارە بولسۇن. ئۇ ئۆزىنى تېخىمۇ كىچىكلىتىپ، ئىنتايىن كىچىكلەپ كەتتى. ھازىر ئۇنى لوپا ئەينەك بىلەن قارىغاندىمۇ كۆرگىلى بولمايتتى.

بىر يىگىت ھىلقى ھاشارەت ئۆلتۈرىدىغان دورا سۈيىنى كۆتىرىپ چىقىپ ئالما دەرىخىنىڭ ئاستىغا قۇيدى.

«بۇ نىمە قىلغىنى؟» سۇن ۋۇكۇڭ بۇنى ئويلاشقىمۇ ئۈلگۈرەلمەي، دورا سۈيى بىلەن بىللە يەر ئاستىغا كىرىپ كەتتى ـ دە، دەرەخ يىلتىزى ئىچىگە كىرىۋالدى.

سۇن ۋۇكۇڭ ئالما دەرىخىنىڭ ئىچىگە كىردى، ئۇ دەرەخنىڭ ئىچىنى يەۋاتقان بىر چوڭ قۇرۇتقا يولۇقتى. سۇن ۋۇكۇڭ «خەپ قاراپتۇر! قايسىمىز نوچىكەنمىز!» دىدى ـ دە، ھاشارەت ئۆلتۈرىدىغان دورا سۈيى بىلەن بىللە ئۇنىڭ بەدىنىگە كىرىپ كەتتى. بۇ زىيانداش قۇرۇت بىر ـ دەمدىلا ئۆلۈپ قالدى. بۇ چاغدا سۇن ۋۇكۇڭ تىت ـ تىت

بولۇپ «ئوھوي! ئۆلـۈك بار يەردە تۇرسا پالاكەت باسىدۇ، ئامال قىلىپ چىقىپ كەتكىنىم تۈزۈك» دەپ ئويلىدى.

ئۇ بىرھازا باش قاتۇرغان بولسىمۇ ياخشى چارە تاپالمىدى. تۇيۇقسىزلا بىر بالىنىڭ «ئۇ بۇ يەردە ئىكەن!» دىگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. سۇن ۋۇكۇڭ مېنى تۇتقىلى كەپتۇ دەپ ئويلاپ قورقۇپ كەتتى.

ئەسلىدە ئۇ بالا دىخانچىلىق مەيدانىنىڭ ئىلمىي تەجرىبە گۇرۇپپىسىدىكى پىئونىر شياۋخۇا ئىدى. ئۇ ھىساپلاش ماشىنىسى ئارقىلىق دەرەخنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنۇۋالغان زىيانداش قۇرۇتنى تېپىۋالدى ۋە پىچاق بىلەن دەرەخ قوۋزىغىنى ئويۇپ زىيانداش قۇرۇتنى چىقاردى ـ دە، تەجرىبىخانىغا ئېلىپ كەتتى، ئۇ يەردە ئۇنى ئالىملار تەتقىق قىلماقچى ئىدى.

ئالىم ھاشارەت ئۆلتۈرىدىغان دورا سۈيىمىنى تەتقىق قىلىش ئۈچۈن قۇرۇتنى يېرىپ كۆردى. سۇن ۋۇكۇڭ «ھازىر قېچىشنىڭ ياخشى پەيتى» دەپ ئويلىدى ـ دە، چوملىگە ئايلىنىپ ئۆملىگەن پېتى دەرىزىنىڭ سىرتىغا چىقىۋالدى.

دەرىزە سىرتىدا بىر يىڭناغۇچ تۇراتتى، سۇن ۋۇكۇڭ دەرھال ئۇنىڭ ئۈستىگە مىنىۋالدى. يىڭناغۇچ ئۇنى يۈدۈپ ئۇچۇپ كەتتى.



## سۇ پىچىقى

تەبىئەت دۇنياسىدا سۇ ئىنتايىن مۇلايىم ھىساپلىنىدۇ، تىنىق كۆل يۈزى، شىلدىرلاپ ئاققان ئېرىق سۈيى كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى ئاچىدۇ. لېكىن ئۇ غەزەپلەنگەن چاغدا «تاغنى تالقان قىلىدىغان» ئۇپېرىتىش كۈچى ئارقىلىق قۇرۇقلۇقنى يېمىرىدۇ. مەسىلەن، دېڭىز ساھىلىدىكى دولقۇنلار ھەر كۈنى ئون مىليون توننىچە كېلىدىغان لاتقىنى مىكىسىكا قولتۇقىغا ئېقىتىپ ئاپىرىدۇ.

سۇنىڭ بۇنداق قۇدرىتىدىن كىشىلەر ھازىر ناھايىتى ئەپچىل پايدىلانماقتا. ئامېرىكىنىڭ مىچىگان شىتاتىدىكى ئاپتوموبىل زاپچاسلىرىنى ياسايدىغان بىر زاۋۇتتا، مىلتىقسىمان پۈركۈش ئېغىزى ئورنىتىلغان بىر ماشىنا ئادەم قاتتىق پىلاستىماسسا تاختىسىدىن تۆشۈك تېشىدۇ. ئۇنىڭ ئىشلەتكەن «پىچىقى» دۇنيادىكى ئەڭ ئاددى نەرسە — ئېرىق - ئۆستەڭلەردىكى سۇ. چاچتەك ئىنچىكىلىكتىكى يۇقۇرى بېسىملىق سۇ ئېقىمى پۈركۈش تۆشۈكىدىن ئاۋاز تېزلىكىدىنمۇ تېز ئېتىلىپ چىقىپ، پىلاستىماسسا تۈرىدىكى ماتىرىياللارنى خۇددى دوفۇنى كەسكەندەكلا كېسىۋېتىدۇ. ئۇ ھەتتا ئۈچ ئىنگىلىز سۇغى قېلىنلىقتىكى بىتون تاختىلارنىمۇ كېسەلەيدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، يىمەكلىكلەر زاۋۇدىدا سۇ پىچاق بىلەن توخۇ، ئۆدەك سويۇشقىمۇ بولىدۇ، بۇنىڭدا سۇنىڭ كۈچى بەكمۇ چوڭ بولۇپ كەتمەسلىكى كېرەك، ئەلۋەتتە.

كىچىك دوستلار ئادەم بىلىملىك بولغاندىلا ئەنە شۇنداق ئاددى نەرسىلەردىنمۇ زور كەشپىياتلارنى يارىتالايدۇ.

## لازېر نۇر پىچىقى

ماتېرىياللار دۇنياسىدا، ئالماسنىڭ قاتتىقلىقى ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ. پەقەت لازېر نۇر «پىچىقى»لا ئۇنى بوي سۇندۇرالايدۇ. ئەگەر لازېر نۇرىنى بىر نۇقتىغا يىغالىساق، بۇ بىر نۇقتىدا بىرقانچە ئون مىليون گىرادۇسلۇق يۇقۇرى تېمپېراتۇرا ھاسىل بولىدۇ - دە، تەستە ئېرىيدىغان ھەرقانداق ماتېرىيالمۇ ھەش - پەش دېگۈچىلىك ئىس - تۈتەككە ئايلىنىپ كېتىدۇ.

بۇ خىلدىكى لازېر نۇر پىچىقى ئارقىلىق سانئەتلەرنىڭ قازنى بولغان ياقۇتنى پىششىقلاپ ئىشلەشتە، سېكۇنتىغا بىر تۆشۈك تېشىشكە بولىدۇ، لازېر نۇر پىچىقى بىرقانچە سانتىمېتىر قېلىنلىقتىكى پولات تاختىلارنى ياكى يۈز قەۋەت قېلىنلىقتىكى رەختلەرنى يېنىككىنە بىر سىزىپ ئۆتۈپ كەتسىلا، خۇددى قەغەزنى بېرىتۋا بىلەن سىزغانغا ئوخشاش ئىنچىكە ھەم تەكشى كېسىدۇ. تېخىمۇ ھەيران قالارلىقى شۇكى، لازېر نۇر ئوپېراتسىيە پىچىقى ئارقىلىق تاشقى كېسەللەر ئوپېراتسىيىسىنى ئىشلىگەندە، تېرىنى كۆيدۈرۈپ كېسىش بىلەن بىرگە، قان تومۇرلارنى داغلىۋېتىدۇ، شۇڭا قان چىقىش مىقدارى ئادەتتىكى ئوپېراتسىيەلەرنىڭ قان چىقىش مىقدارىدىن ئون ھەسسە ئازىيىپ كېتىدۇ.

ماتېرىيالدىن: مىجىت ئابدۇراخمان

## يەر شارىدىكى ئېنېرگىيە يەنە قانچىلىك ۋاقىت يېتىدۇ؟

بەزى چەتئەل مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ ئىنكاسلىرىغا قارىغاندا، يەر شارىدىكى كۆمۈرنى 350 يىل، تەشمە قۇدۇق

ئارقىلىق قىزدۇرۇلغان نېفىتنى 60 يىل، ۋاراق تاش ۋە قاقاسلىقتىكى نېفىتنى 660 يىل، تەبىئىي يېقىلغۇ گازنى 72 يىل، ئۇرانىنى 27131 يىل ئىشلەتكىلى بولىدىغانلىقى مەلۇم بولغان. بىراق، ئۇلار تۈگەپ كەتسە كىشىلەر قانداق قىلار دەپ ئەندىشە قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق. ئۇران زاپىسى تۈگىسە قۇياش ئېنېرگىيىسى بار. يەر شارىدىكى سۇدا ئىشلىتىپ تۈگەتكۈسىز ئېنېرگىيە ساقلىنىپ ياتماقتا.

كىچىك دوستلار! ئەجداتلىرىمىز يەر ئاستى بايلىقلىرىنى تېپىش ۋە ئۇلارنى ئېچىشتەك ئۇلۇغۋار ئىشلارنىڭ ھۆددىسىدىن چىققان ئىكەن، بىزمۇ كەلگۈسى ئەۋلاتلارغا بەخت يارىتىش ئۈچۈن قۇياش ئېنېرگىيىسىدىن ئىبارەت بۇ شاش ئاتنى ئىنسانىيەتكە بويسۇندۇرۇشىمىز كېرەك. بۇ ئىلىم - پەن ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ، شۇڭا، ئاشۇ يۈكسەك غايىنى ئەستە ساقلاپ تىرىشىپ ئوقۇشىمىز كېرەك.

ماتېرىيالدىن: ئابلىتىپ ئۆمەر

سائەت زاپچاسلىرىنى داتلىشىپ قېلىشتىن ساقلاش كېرەك. سائەتكە تامچە سۇنىڭ تېگىشى — تىراكتورنىڭ سۇغا چۆكۈپ كەتكەندىكى زىيىنى بىلەن ئوخشاش. بەزىلەر سائەتنى ئېچىپ، چاڭ - توزاڭنى تازىلايمەن دەپ زاپچاسلارنى يۇۋۇلەيدۇ. بۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ. سائەت زاپچاسلىرىغا سۇ تامچىلىرى ياكى ھور كىرىپ كەتسە، زاپچاسلار ئۇۋاقلا داتلىشىدۇ - دە، سائەت بۇزۇلىدۇ.

# ئوغۇللارغا نەسىھەت

ياخشى بالا — ئەدەپلىك، مۇلايىم، شىرىن سۆزلۈك ۋە خۇشپېئىل بولىدۇ. ئۆزىدىن چوڭلارغا ئىززەت، ئۆزىدىن كىچىكلەرگە شەپقەت قىلىپ، باشقىلارنى شىرىن سۆزى، ياخشى ئىشى بىلەن خوشال قىلىدۇ. ئاتا-ئانىلىرىغا تىكىلىپ تۇرۇپ، قوپال سۆزلىمەيدۇ. چاقىرغان هامان ئالدىدا هازىر بولۇپ، بۇيرىغان ئىشلىرىنى قىلىدۇ. هورۇنلۇق ۋە بىخەستە-لىك قىلىپ رەنجىتمەيدۇ.

ياخشى بالىنىڭ تەبىئىتى تازا ۋە كۆڭلى ئازادە بولىدۇ. كىيىم-كېچەكلىرىنى، يۈز-قوللىرىنى كىر ۋە مەينەت قىلمايدۇ.

ياخشى بالا — سەھەر تۇرۇپ دەرسلىرىنى تەكرارلايدۇ. چاي ئىچىپ بولغاندىن كېيىن جىدەل قىلماي، ئەدەپ بىلەن سومكىسىنى ئېلىپ مەكتەپكە ماڭىدۇ. يولدا ھېچكىم بىلەن ئۇرۇشماي، ئويناشماي ئۇدۇل مەكتەپكە بارىدۇ.

ياخشى بالا — كىتاپ-دەپتەرلىرىنى كىر قىلمايدۇ. كىتاپ-دەپتەرلىرىنىڭ ئۈستىگە، چەتلىرىگە ھەر خىل خەتلەرنى يازمايدۇ، يىرتمايدۇ. ئۆيدە جىدەل چىقارماي، تىنچ ۋە خۇشپېئىل يۈرىدۇ. ئازراق نەرسىنى تالىشىپ، ئاكا-ئۇكىلىرى ۋە دوستلىرى بىلەن ئۇرۇشمايدۇ. باشقىلارنىڭ ئالدىدا تازىم ۋە ئەدەپ بىلەن يۈرىدۇ. ئازراق نىمىلەرنى دەپ باشقى-

لارنى تىللاپ، ئۇششۇقلۇق قىلىپ يىغلىمايدۇ. باشقىلارنىڭ سۆزىگە لوقما سالمايدۇ. ئۆزىدىن سورالغان سوئالغا ئەدەپ بىلەن جاۋاپ بېرىدۇ.

ياخشى بالا — باشقىلارنىڭ ئالدىدا قالايمىقان سۆزلىمەيدۇ. ئادەملەر ئولتۇرغان جايدا يانپاشلاپ، دومىلاپ ياتمايدۇ، باشقىلار ئۆزئارا سۆزلىشىۋاتقاندا يېنىغا بېرىپ، بىزدىرىپ تۇرمايدۇ بەلكى قېچىپراق تۇرىدۇ.

ياخشى بالا — يامان ئادەم ۋە يامان باللار بىلەن بىللە يۈرمەيدۇ. يامان ئىشلاردىن نەپرەتلىنىدۇ. ياخشى ئادەملەرنىڭ قىلىقلىرىنى، ئادىتىنى ئۆگىنىشكە ھەۋەس قىلىدۇ. يولدا كېتىۋېتىپ تائام يېمەيدۇ.

ياخشى بالا — سىنىپىدا ساۋاقداشلىرى بىلەن ئورۇشماي ۋە ئويناشماي ئۆز جايىدا ئولتۇرۇپ دەرسلىرىنى تەكرارلايدۇ. دەرس ۋاقتىدا مۇئەللىمنىڭ سۆزلىرىنى دىققەت بىلەن ئاڭلايدۇ. تۈرلۈك نەرسىلەرنى سىزىپ، ئۇششاق نەرسىلەرنى ئويناپ ئولتۇرمايدۇ. مۇئەللىم بۇيرىغان خەتلەرنى يازىدۇ. خاتاسى بولسا تۈزىتىپ تۇرىدۇ. تاپشۇرۇقنى ۋاقتىدا ئىشلەيدۇ.

ياخشى بالا — دەرسلەرنى ساۋاقداشلىرىدىن ياخشىراق ئۆگىنىشكە ھەۋەس قىلىدۇ ۋە تىرىشچانلىق كۆرسىتىدۇ. ساۋاقداشلىرىنىڭ ياخشى تەرەپلىرىنى ئۆگىنىدۇ.

ئەي شاگىرتلار، يۇقۇرىدا بايان قىلىنغان ياخشى سۈپەتلەرنى ئۆزەڭلەرگە ئادەت قىلىڭلار.

**غۇپۇر ئۆمەر**

---

**يۇمۇر**

دادىسى: بالام، ھەممە ئوقۇغۇچىلار ئىمتىھانغا تەييارلىق قىلىپ ئۆگىنىش قىلىۋاتسا، سەن خىيالىڭدا يوق توپ ئويناۋاتىسەنا؟

بالىسى: چۈنكى، ئىمتىھان ئالدىغان چاغدا سىز بار ئەمەسمۇ.

## قىزلارغا مەسلىھەت

ئەي ئۇماق قىز، سىز گويا ئالتۇن ئۈزۈكنىڭ ياقۇت كۆزىگە ئوخشايسىز. ئەگەر چىرايىڭىز خۇش-خۇي، مىجەز - خۇلقىڭىز يېقىملىق بولسا، تېخىمۇ جۇلالىنىپ نۇر چاچىسىز. مۇبادا، چىرايىڭىز سۈرلۈك، خۇي - پەيلىڭىز قوپال بولسا، ھەممە ئادەم يىر-گىنىدىغان بىر نەرسىگە ئايلىنىسىز. شۇڭا كىچىكى-ڭىزدىن خۇشپېئىل، مېھرىبان بولۇشقا ئادەتلەن-گەيسىز!

ئەي ئۇماق قىز، سىز بىر كۈنلۈك مەكتەپ ھاياتىنى خوشال ئاياقلاشتۇرغاندىن كېيىن ئۆيگە قايتقىنىڭىزدا، ئىشىكتىن كىرىپلا ئاتا - ئانىڭىزغا سالام بېرىشنى ئۇنتۇماڭ. بۇ ۋىجدانى بۇرچىڭىز، شۇنداقلا بۇ، يېڭى مەشغۇلاتىڭىزنىڭ باشلىنىشى. ئاتا - ئانىڭىز بۇيرىغان ئىشلاردىن باش تارتماڭ. ئۇلارنىڭ بۇيرىغىدا، ئىشنىڭ قۇيرىغىدا بولۇڭ. ئاندىن دەرسلىرىڭىزنى تەكرارلاڭ. شۇ چاغدا ئاددى ۋە لېكىن تېگىشلىك ئىشىڭىز بىلەن ئۇلارنىڭ رازىلىقىغا مۇيەسسەر بولىسىز.

ئاناڭنى ئازاپلىساڭ، كەلگۈسىدە ئۇنىڭدىن يالۋۇرۇپ ئەپۇ سورىغان، مەڭگۈ ھۆرمەت قىلغان بىلەنمۇ ئورنىغا كەلمەيدۇ. كېيىن ھەرقانچە پۇشايمان قىلغىنىڭ بىلەنمۇ بىكار. ۋىجدانىڭ مەڭگۈ ئارام تاپالمايدۇ. ئاناڭنىڭ ئىللىق، مېھرىبان ئوبرازى سېنى مەڭگۈ دەرت - ئەلەمگە سالىدىغان ۋە سېنى ئەيىپلەيدىغان كۆلەڭگىگە ئايلىنىپ، سېنى مەڭگۈ روھى ئا- زاپقا قالدۇرىدۇ!

ئەي، ئالىخ، ئانا - بالا ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەتنىڭ كىشىلەر ئارىسىدىكى ئەڭ مۇقەددەس مۇھەببەت ئىكەنلىكىنى بىلىشىڭ كېرەك. شۇم پېشانە كىشىلەرلا بۇ خىل مۇھەببەتنى ئاياق - ئاستى قىلىدۇ. ئادەم ئۆلتۈرگەن، قاتىل بولغان تەق- دىردىمۇ، ئەگەر ئۇ ئۆز ئانىسىنى ھۆرمەتلىگەن بولسا، ئۇ ھالدا، ئۇ ۋىجدانىنى يوقاتمىغان بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. ئەگەر بىر كىشى ئۆز ئانىسىنىڭ كۆڭلىگە ئازار بەرسە، ئۇنىڭ ئورنىنىڭ قانچە كاتتا، ئۆزىنىڭ قانچىلىك ئاتاقلىق ئادەم بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، ئۇ رەزىل ئادەمدۇر. بۇنىڭدىن كې- يىن ھەرگىز ئاناڭنىڭ دىلىغا ئازار بېرىدىغان گەپ-لەرنى قىلما. ناۋادا ئېھتىياتسىزلىقتىن مۇشۇنداق گەپ قىلىپ قويى- غىدەك بولساڭ، مەندىن قورقۇپ ئەمەس، بەلكى چىن كۆڭ- لۈڭدىن پۇشايمان قىلىپ، ئاناڭنىڭ ئايىغىغا يىقىل، كەچۈرۈم سورا. ئۇنىڭ پېشانەڭگە سۆيۈپ قويۇشىنى ئۆتۈنۈپ، ۋاپا- سىزلىق دېغىنى يۇيۇپ تاشلا،

ئالىخ، مەن سېنى ياخشى كۆرىمەن. سەن قەلبىمدىكى گۆھىرىم، ۋە ئۈمىدىم، ئاناڭغا كۆيۈمچان بولمايدىكەنسەن، سەندىن كېچىشكە رازىمەن. ئېرىراق تۇرغىن، مېنى سۆيمەن دېمە، سېنى سۆيۈشكە رايىم يوق!

دادادڭدىن

(«مۇھەببەت تەربىيىسى» دېگەن كىتاپتىن ئېلىندى)

# تازىلىق ئىشچىسى

## ژاننى روداري [ئىتالىيە]

باللار، تونارسىز مېنى ئېھتىمال،
مەن كوچا سۈپۈرگۈچى قېرى چال.

كېرەكسىز قەغەز، سۇنۇق قۇتىلار،
شاكال، ئۇستىخان، پۇرۇچ - لاتىلار،
ئەينەك پارچىسى ۋاھاكازالار،
سۈپۈرگەم بىلەن تولۇق تازىلىنار.

تۈرلۈك ئەسكى - تۈسكىنى،
تىنماي يىغىپ ھەر كۈنى،
ھارۋام بىلەن توشۇدۇم.
ئۆددى شۇ خىل خىزمەتتە،
بولمىسامۇ ئىززەتتە،
يىللار ئۆتۈپ چال بولدۇم.



ئەمدى مېنىمۇ ئەخلەت بىلەن،
تاشلىۋەتكىن دەپ قورقىمەن.

ئۆزبېكچىدىن: تۇرسۇن مەھەممەت پەخرىدىن تەرجىمىسى

## ئەك مۇھىمى

### زۇشېنكو (سوۋېت ئېتتىپاقى)

بۇرۇن ئاندىرېيوشا لىۋىنىكى دىگەن بىر بالا بولغان ئىكەن. ئۇ ئىنتايىن قورقۇنچاق بولۇپ، ئىتتىن، كالىدىن، غازدىن، چاشقاندىن، ئۆمۈچۈكتىن ھەتتا خورازدىنمۇ قورقىدىكەن.

ئۇنىڭ ھەممىدىن بەك قورقىدىغىنى ناتونۇش بالىلار ئىكەن.

ئاندىرېيوشانىڭ ئاپىسى ئوغلىنىڭ بۇنچىۋالا يۈرەكسىز بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن قايغۇرىدىكەن. بىر كۈنى ئەتىگەندە ئاپىسى ئۇنىڭغا:

— ھەي، سېنىڭ ھەممە نىمىدىن قورقىدىغانلىقىڭ ئەجەپ يامان بولدى. دۇنيادا باتۇر كىشىلەرلا ياخشى كۈن كۆرەلەيدۇ، باتۇر كىشىلەرلا دۈشمەننى يېڭەلەيدۇ، ئوت ئۆچۈرەلەيدۇ، قورقماي ئايروپىلان ھەيدىيەلەيدۇ، شۇڭا ھەممە كىشى باتۇرلارنى ياخشى كۆرىدۇ، ئۇلارنى ھۆرمەتلەيدۇ، ئۇلارغا سوغا - سالام، ئوردېن ۋە مۇكاپات بېرىدۇ. قورقۇنچاقلارنى ھېچكىممۇ ياخشى كۆرمەيدۇ، كىشىلەر ئۇلارنى مەسخىرە قىلىپ ئوينايدۇ. ئۇلار دائىم جاپا تارتىدۇ، ئۇلارنىڭ كۈنى مەنىسىز ۋە خاپىچىلىق ئىچىدە ئۆتىدۇ، — دەپتۇ.

ئاندىرېيوشا ئاپىسىغا:

— ئاپا، بونىدىن كېيىن جەزمەن باتۇر ئادەم بولى-

مەن، — دەپ جاۋاپ بىرىپتۇ ـ دە، ھويلىدا ئوينىغىلى يۈگۈرۈپ چىقىپ كېتىپتۇ.

ھويلىدا بىر توپ باللار پۇتبول ئويناۋاتقان ئىكەن.

بۇ باللارنى بۇرۇن ئاندىرىيوشانى بوزەك ئېتىپ ئوينىغاچقا ئاندىرىيوشا ئۇلارنى كۆرۈش بىلەنلا خۇددى يولۋاستىن قورققاندەك تىكىۋېتىدىكەن. لېكىن ئۇ بۈگۈن قاچماپتۇ ھەمدە:

— ھەي شاكىچىكلەر! بۈگۈن سىلەردىن قورقمايدىغان بولدۇم! — دەپ ۋاقىراپتۇ.

باللار ئاندىرىيوشانىڭ ئۆزلىرىگە ۋاقىراشقا جۈرئەت قىلغانلىقىغا ھەيران بوپتۇ. ئۇلار بىرئاز قورقۇپمۇ قاپتۇ، ھەتتا ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى سانىكا پالوچكىن دىگەن بىر بالا:

— بۈگۈن ئاندىرىيوشا لىۋىنكى بىزگە چېقىلىدىغاندەك تۇرىدۇ. ئەڭ ياخشىسى بىز كېتەيلى، بولمىسا ئۇنىڭدىن تاياق يەپ قېلىشىمىز مۇمكىن، — دەپتۇ.

لېكىن باللار كەتمەپتۇ. ئەكسىچە ئۇلار ئاندىرىيوشانىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈشۈپ كېلىپ يەنە ئۇنىڭغا چېقىلىشقا باشلاپتۇ. بىر بالا ئۇنىڭ بۇرنىنى تارتىپتۇ، يەنە بىرى ئۇنىڭ بۆكىنى ئۇرۇپ چۈشۈرۈۋېتىپتۇ، ئۈچىنچى بىر بالا ئاندىرىيوشانى بىر مۇشت ساپتۇ. قىسقىسى، ئۇلار ئاندىرىيوشانى ئانچە مۇنچە ئەدەپلەپ قويۇپتۇ. ئۇ ھۆكىرەپ يىغلىغان پېتى ئۆيىگە قايتىپتۇ.

ئاندىرىيوشا ئۆيىگە كەپتۇ ـ دە، يېشىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ:

— ئاپا، بۈگۈن مەن قالتىس باتۇرلۇق قىلساممۇ ئۇنىڭ كىچىككىنە پايدىسى بولمىدى، — دەپتۇ.

— تازا ئەخمەقسەن ـ دە، — دەپتۇ ئاپىسى، — يالغۇز باتۇرلۇقلا كۇپايە قىلمايدۇ، كۈچمۇ بولۇش كېرەك، باتۇرلۇق

بىلەنلا ھېچ ئىشنى باشقا ئېلىپ چىققىلى بولمايدۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئاندرېيوشا ئاپىسىغا كۆرسەتمەي مومىسىنىڭ ھاسىسىنى ئاپتۇ. «مانا ئەمدى مېنىڭ كۈچۈمنى كۆرسۇن، شاكىچىكلەر ماڭا ھۇجۇم قىلىشسا، ئۇلارنى سۇر-تۇقاي قىلىۋېتەمەن» دەپ ئويلاپتۇ ئۇ.

ئاندرېيوشا ھاسىنى كۆتىرىپ ھويلىغا چىقسا بالىلار كۆرۈنمەپتۇ، ھويلىدا ئاندرېيوشا قورقىدىغان ھېلىقى قارا ئىتلا ئۇياقتىن-بۇياققا مېڭىپ يۈرگەن ئىكەن.

ئاندرېيوشا ئىتقا ھاسىنى پۇلاڭلىتىپ تۇرۇپ:

— سەن مېنى چىشلەپ باققىنا قېنى، ئەدىۋىڭنى يەيسەن، بېشىڭغا تېگىدىغان تاياقنىڭ تەمىنى تېتىپ قوياي، — دەپتۇ.



قارا ئىت ھاۋشۇپ ئاندرېيوشاغا ئېتىلىپتۇ. ئاندرېيوشا ھاسىنى پۇلاڭلىتىپ قارا ئىتنىڭ بېشىغا ئىككىنى ئۇرغان ئىككەن، قارا ئىت ئۇنىڭ كەينىدىن ئېتىلىپ كېلىپلا ئىشتىنىنى يىرتىۋېتىپتۇ. ئۇ ھۆكرەپ يىغلىغان پېتى ئۆيىگە قېچىپ كەپتۇ-دە، يېشىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ:

— ئاپا، بۇ نېمە بولغىنى؟ بۈگۈن مەن كۈچلۈك بولدۇم، باتۇرمۇ بولدۇم، ئەمما ئۇنىڭ ھېچ پايدىسى تەگمىدى. قارا ئىت ئىشتىنىمنى يىرتىۋەتتى، چىشلىۋالغىلى تاسلا قالدى، — دەپتۇ.

— ھەي ئەخمەق بالام، يالغۇز باتۇرلۇق ۋە كۈچ بولسىلا كۇپايە قىلمايدۇ، يەنە چىچەنلىكمۇ كېرەك. ئويلىشىڭ،

مېڭەڭنى ئىشلىتىشىڭ كېرەك. بەكمۇ دۆتلۈك قىلىپسەن. سەن توقماقنى پولاڭلىتىپ قارا ئىتنىڭ چىشىغا تېگىپ قويۇپسەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇ سېنىڭ ئىشتىنىڭنى يىرتىۋېتىپتۇ. ئۆزەڭ خاتا قىپسەن، — دەپتۇ ئاپىسى.

— بۇندىن كېيىن بىرەر ئىش بولسا كاللامنى ئىشلىتىمەن، — دەپتۇ ئاندرېيوشا ئاپىسىغا.

ئاندرېيوشا ئۈچىنچى قېتىم ئۆيىدىن چىقىپتۇ. ھويلىدا قارا ئىتمۇ، بالىلارمۇ يوق ئىكەن. ئاندرېيوشا بالىلارنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى بىلمەكچى بولۇپ كوچىغا چىقىپتۇ.

بالىلار ئۆستەڭدە چۆمۈلۈۋاتقان ئىكەن، بۇ چاغدا سانكا دېگەن بالا بىر يۇتۇم سۇ ئىچىۋېلىپ قېقىلىپ كېتىپتۇ-دە:

— ۋايجان، قۇتقۇزۇڭلار، چۆكۈپ كېتىدىغان بولدۇم، — دەپ ۋاقىراپتۇ.

بالىلار ئىنتايىن ھودۇقۇپ كېتىپ، سانكىنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن چوڭلارنى چاقىرغىلى يۈگۈرۈپ كېتىپتۇ.

— توختاپ تۇر، مەن دەرھال سېنى قۇتۇلدۇرۇۋالىمەن، — دەپ ۋاقىراپتۇ ئاندرېيوشا سانكىغا.

ئاندرېيوشا سەكرەپ سۇغا چۈشمەكچى بوپتۇ، لېكىن دەرھاللا «ھوي سۇ ئۈزۈشنى تازا بىلمەيمەن، سانكانى قۇتۇلدۇرۇشقا كۈچۈممۇ يەتمەيدۇ، مەن كاللامنى ئىشلىتىپ، سانكانىڭ يېنىغا قېيىق بىلەن باراي» دەپ ئويلاپتۇ.

قىرغاقتا كىچىك بىر قېيىق تۇرغان ئىكەن. ئاندرېيوشا قېيىقنى ئىتتىرىپ ئۇنىڭغا سەكرەپ چىقىۋاپتۇ.

قېيىقتا پالاق بار ئىكەن. ئاندرېيوشا سۇغا پالاق ئۇرۇپ ئەپلەشتۈرەلمەپتۇ، چۈنكى ئۇ قېيىق ھەيدەشنى بىلمەيدىكەن. سۇ قېيىقنى دەريانىڭ ئوتتۇرىسىغا ئېقىتىپ مېڭىپتۇ، ئاندرېيوشا قورققىنىدىن ۋاقىراپ كېتىپتۇ.

بۇ چاغدا دەريادا يەنە بىر قېيىق كېلىپ قاپتۇ.

قېيىقتا بىرقانچە ئادەم بار ئىكەن، بۇ كىشىلەر سانكانى قۇتۇلدۇرۇپتۇ، ئاندرىيوشانىڭ قېيىغىنىمۇ ئارقان بىلەن سۆرىتىپ قىرغاققا ئېلىپ چىقىپتۇ.

ئاندرىيوشا ئۆيىگە قايتىپ كەپتۇ-دە، يېشىنى سۈر-تۈپ تۇرۇپ:

— ئاپا، بۈگۈن مەن ئىنتايىن باتۇرلۇق قىلدىم — بىر بالىنى قۇتۇلدۇرماقچى بولدۇم. بۈگۈن مەن ئىنتايىن ئەقىللىق ئىش قىلدىم، چۈنكى سۇغا سەكرەپ چۈشمەي، بەلكى قېيىق بىلەن باردىم. بۈگۈن مەن ئىنتايىن كۈچلۈك بولدۇم، چۈنكى بىر ئېغىر قېيىقنى ئىتتىرىپ قىرغاقتىن يىراقلاتتىم، سۇغا ئېغىر پالاقنى ئۇردۇم، ئەمما زادى ئەپ-لەشتۈرەلمىدىم، — دەپتۇ ئاپىسىغا.

— ئەخمەق بالام! ساڭا ئەڭ مۇھىمىنى ئېيتىشنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن. باتۇر، ئەقىللىق، كۈچلۈك بولسىلا كۇپايە قىلمايدۇ، يەنە بىلىم، ماھارەتمۇ بولۇشى كېرەك. قېيىق ھەيدەلەيدىغان، سۇ ئۈزەلەيدىغان، ئات مىنەلەيدىغان، ئايرو-پىلان ئۇچۇرتالايدىغان بولۇش ... ئىنتايىن كۆپ نەرسىلەرنى بىلىش كېرەك. ئارفمېتىكا ۋە ئالگېبرانىمۇ، خىمىيە ۋە گېئومېترىيىنىمۇ بىلىش كېرەك. بۇلارنى ئىگەللەش ئۈچۈن ئوقۇش زۆرۈر. كىمدە-كىم ئۆگەنسە، شۇ ئەقىللىق، ئىش-چان بولالايدۇ، كىمدە-كىم ئەقىللىق، ئىشچان بولسا، شۇ چوقۇم باتۇر بولىدۇ. باتۇر، ئەقىللىق ۋە ئىشچان كىشىلەر-نى ھەممە ئادەم ياخشى كۆرىدۇ، — دەپتۇ ئاپىسى.

— بۇندىن كېيىن ھەممىنى ئۆگىنىمەن، — دەپتۇ ئاند-درىيوشا.

— مانا بۇ توغرا، — دەپتۇ ئاپىسى.

خەنزۇچىدىن: قەھرىمان ھەسەن تەرجىمىسى



AltunOq

## ھىكايەت

### شەيخ سەئدى

مەن بىر باينىڭ بالىسىنى كۆرگەن ئىدىم. ئۇ ئاتىسىنىڭ قەۋرىسى بېشىدا ئولتۇرۇپ، بىر كەمبەغەلنىڭ بالىسى بىلەن مۇنازىرىگە چۈشكەن ئىدى. باينىڭ بالىسى دېدى: «ئاتامنىڭ قەۋرىسى تاشتىن ياسالغان، ئۈستىگە چىرايلىق خەتلەر نەقش قىلىنغان، مەرمەر تاش ۋە پىروزە خىش ياتقۇزۇلغان. بۇ قەۋرە سېنىڭ ئاتاڭنىڭ گۆرىگە قانداقمۇ ئوخشىسۇن؟ سېنىڭ ئاتاڭنىڭ گۆرىگە بىر ـ ئىككىلا كېسەك قويۇلۇپ، ئۈستىگە ئىككى كەتمەن توپا تاشلانغان، خالاس.»

كەمبەغەلنىڭ ئوغلى بۇ سۆزنى ئاڭلاپ دېدى: «بوپتۇ، ئاتاڭ ئېغىر تاشلارنىڭ ئاستىدا ئىنجىقلاپ تۇرسۇن، ئاڭغىچە مېنىڭ ئاتام جەننەتكە كىرىپ بولىدۇ»

### يۇمۇر

ئاپىسى: بالام سېنىڭ ساۋاقداشلىرىڭ ماڭا بالىڭىز دەرس بىلمەيدۇ، بەك ئويۇنچى دەيدۇ، راستىما؟

بالىسى: نەدىكىنى، ئۇ نىمىلەر مېنى كۆرەلمەي شۇنداق دەيدۇ.

ئاپىسى: ئۇنداق بولسا، ئۇلار سېنى نىمىشقا «دۆت»، «قاپاقۋاش» دەيدۇ؟

بالىسى: بۇ مېنىڭ لەقىمىم تۇرسا!

## 1. ئىمتىھان سوئالى

مەلۇم جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسى ساقچىلار ئارىسىدىن بىر تۈركۈم رازۋېتچىك قوبۇل قىلماقچى بولدى. ئىمتىھان بەرگۈچىلەر ئىمتىھان ئالغۇچىنىڭ كەينىدىن ئىشخانىغا كىردى. ئىمتىھان ئالغۇچى جوزىنىڭ تارتمىسىنى بىردەم ئاختۇردى ـ دە، بىردىنلا ئورنىدىن تۇرۇپ:

ــ سىلەرنىڭ تىزىملىككەنلىرنى بىر كىتاپقا قىستۇرۇپ قويغان ئىدىم. تىزىملىك 267 ـ بەت بىلەن 268 ـ بەتنىڭ ئارىسىدا، سىلەر تاشقارقى ئۆيىگە چىقىپ جوزىنىڭ ئۈستىدىكى كىتاپنى ئېلىپ كىرىڭلار، ــ دىدى.

ئىمتىھان بەرگۈچىلەر شۇئانلا خۇددى ئۇۋىسى بۇزۇلغان ھەرىلەردەك يوپۇرۇلۇپ سىرتقا يۈگۈرۈشتى. پەقەت بىرەيلەن ئورنىدىن قىمىرلىمىدى. ئىمتىھان ئالغۇچى ئۇنىڭدىن سەۋەپنى سورىۋىدى، ئۇ دەرھاللا جاۋاپ بەردى، ئىمتىھان ئالغۇچى بۇ ئەقىللىق ئادەمگە يۈز نومۇر قويدى.

قېنى، ئويلاپ بېقىڭ، ئىمتىھان ئالغۇچى نىمە ئۈچۈن ئۇ ئادەمگە يۈز نومۇر قويدى؟


## 2. لەتىپە

بۇرۇنقى زاماندا بىر بەگ ئۆتكەن ئىكەن. ئۇنىڭ قۇلىقى ئاڭلىمايدىكەن. ئەمما، ئۇ ئۆزىنىڭ گاسلىقىنى

خەقـلەرنىڭ بدلـپ قبلشىدىن بەكمۇ ئەنسرەيـدىكـەن. بىر كـۈنى، ئۇ بىر قانـچـە دوستلىرىنى مېھمانغا چـاقـىرـىـپـتۇ. بىرەيلەن ناھايىتى قىزىق بىر چۆچەكـنى ئېيتقان ئـىـكـەن، ھەممەيـلەن ئاگلاپ بولۇپ قاقاقلاپ كۈلۈشۈپتۇ. ھـىـلىقى بەگمۇ كۈلۈپتۇ ۋە:

— بۇ ھەققەتەن قىزىق لەتىپە ئىكەن، — دەپتۇ ـ دە، ئارقـىـدـىـنـلا تەنـتەنە بىلەن جاكالاپـتـۇ، — مەن سـىـلەرگە بۇنىڭدىنمۇ قىزىق لەتىپە سۆزلەپ بېرىمەن...

راسـت دىگەندەك، ئۇ لەتىپىنى سۆزلەپ تۈگەتكەندە



كۆپچىلىك ئۈچەيلىرى ئۈزۈلگۈدەك كۈلۈشۈپتۇ.

قېنى، تېپىپ بېقىڭ، بەگ قانداق لـەتىپە ئېيتتى؟

## 3. قىزىقارلىق سۇئال

بىر داڭلىق پەيلاسوپ قەشقەرگە كېلىپ كىشىلەردىن:

— بۇ يەردىكى ئالىم كىم؟ — دەپ سوراپتۇ.

— نەسىردىن ئەپەندى، — دېيىشىپتۇ كىشىلەر.

پەيلاسوپ نەسرىدىن ئەپەندىنىڭ قېشىغا بېرىپتۇ.
— ئەپەندىم، مېنىڭ قىزىقارلىق بىر نەچچە سوئالىم بار، سىز بىر ئېغىز سۆز بىلەنلا جاۋاپ بېرەلەمسىز؟ — دەپتۇ پەيلاسوپ.

ئەپەندىم ئويلاپ تۇرمايلا:

— ئاۋال سوئاللىرىڭىزنى ئاڭلاپ باقاي، — دەپتۇ.

پەيلاسوپ بىر يولىلا قىرىق سوئالنى ئوتتۇرىغا قويۇپتۇ. بۇ سوئاللار ئاسمان-زېمىنغىمۇ، تاغ-باققىمۇ، ئوت-سۇغىمۇ، ھايۋان، ئۇچار قاناتقىمۇ تەئەللۇق ئىكەن. پەيلاسوپ قىرىق سوئالنى ئوتتۇرىغا قويۇپ بولۇپلا ئەپەندىمنى بىر ئېغىز سۆز بىلەنلا جاۋاپ بېرىشكە قىستاپتۇ.

ئەپەندىم كۈلۈپ قويۇپ، ھېچقانداق زورۇقمايلا جاۋاپ بېرىپتۇ. ئۇنىڭ بۇ بىر ئېغىز سۆزى قىرىق سوئالغا تولۇق جاۋاپ بولۇپتۇ.

قېنى، ئويلاپ بېقىڭ: ئەپەندىم قانداق جاۋاپ بەردى؟

## 4. قانچە تال شام قالدى

بىر ئۆيدە ئون تال شام يېقىغلىق ئىدى. شامال كىرىپ ئىككى تال شامنى ئۆچۈرۈۋەتتى، ئۇزۇن ئۆتمەي يەنە بىر تال شامنى ئۆچۈرۈۋەتتى. بۇنى كۆرۈپ ئۆي ئىگىسى دەرىزىنى يېپىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن شام ئۆچمىدى.

قېنى، ئويلاپ بېقىڭ: ئاخىرىدا قانچە تال شام قالدى؟

## 5. غەلىتە ۋەسىيەت

سەمەت ئاخۇننىڭ ئون بىر قويى بار ئىدى، ھەر بىر قويى ئەللىك يۈەنگە يارايتتى. ئۇ ۋاپات بولۇشتىن ئاۋال غەلىتە بىر ۋەسىيەت قالدۇردى. ۋەسىيەتتە «ئون بىر قويۇمنى ئۈچ ئوغلۇمغا مىراس قالدۇردۇم. قويلارنىڭ يېرىمىنى چوڭ ئوغلۇمغا، تۆتتىن بىرىنى ئوتتۇرانچى ئوغلۇمغا، ئالتىدىن بىرىنى كەنجى ئوغلۇمغا بەردىم» دېيىلگەن ئىدى.

كۆپچىلىك ۋەسىيەتنى كۆرۈپ ھېچنېمىنى ئاڭقىرالماي، گاڭگىراپ قالدى. راست ئەمەسمۇ، ئون بىر قوينى قانداقمۇ تەڭمۇ ـ تەڭ ئىككىگە، تۆتكە، ئالتىگە بۆلگىلى بولسۇن؟

ئۈچ ئاكا ـ ئۇكا ئون بىر قوينى قانداق بۆلۈش ھەققىدە دە ـ تالاش قىلىۋاتقاندا بىر ئەقىللىق ئادەم بىر قوينى يېتىلەپ كېلىپ قاپتۇ ـ دە، قوينى ئون بىر قويغا قوشۇپ قويۇپ:

ــ يىگىتلەر، بىر قىيىن مەسىلىگە دۇچ كەلگەن ئوخشايسىلەر، دەپ بېقىڭلار، قولۇمدىن كەلسە ياردەم قىلاي، ــ دەپتۇ.

ئاكا ـ ئۇكا ئۈچەيلەن ھېلىقى ئادەمگە ۋەسىيەتنى سۆزلەپ بېرىپتۇ.

ئەقىللىق ئادەم شۇئانلا:

ــ بۇ ئاسان گەپ ئىكەن، ــ دەپتۇ ـ دە، ئون بىر قوينى شۇ ھامانلا تەقسىم قىلىپ بېرىپتۇ.

قېنى، ئويلاپ بېقىڭ: ئۇ قويلارنى قانداق بۆلدى؟



Altun0q

## 6. ئۇ مېنىڭ ئوغلۇم

ئاتا ـ بالا ماشىنىدا كېتىۋاتاتتى. ئاتا ماشىنىنى ھەيدىگەن، بالا يېنىدا ئولتۇرغان بولۇپ، سۈرئەت ناھايىتى تېز ئىدى. تۇساتتىن ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى ماشىنا توختىدى. سوقۇلۇپ كەتمەسلىك ئۈچۈن دادىسى رولنى تېزلا بۇرىدى. ئەمما، سۈرئەت تېز بولغاچقا ماشىنا يول بويىدىكى سېمونت تۈۋرۈككە سوقۇلدى. ئاتا ھېچنېمە بولمىدى، ئوغۇلنىڭ پۇتى سۇنۇپ كەتتى.

ئۇلار يېقىنلا جايدىكى بىر دوختۇرخانىغا ئېلىپ كېلىندى، بالىنى تېز قۇتقۇزۇش بۆلۈمىگە ئېلىپ كىردى. ئۇنى ئوپېراتسىيە قىلىشقا تەييارلانغان دوختۇر تۇساتتىن ۋاقىراپ كەتتى:

— مەن بۇ بالىنى ئوپېراتسىيە قىلالمايمەن، ئۇ مېنىڭ ئوغلۇم!


قېنى، دەپ بېقىڭ: بۇ بالا قانداقچە دوختۇرنىڭ ئوغلى بولۇپ قالدى؟

## 7. شوپۇر

بىر خانىم كىچىك ماشىنىنى كىرا قىلدى. ئۇ يولدا كېتىۋېتىپ كوتۇلداپ سۆزلەۋەردى. بۇنىڭدىن بىزار بولغان شوپۇر:

— كەچۈرۈڭ خانىم، مەن سىزنىڭ سۆزىڭىزنى زادى ئاڭلىيالمىدىم. مېنىڭ قۇلىقىم گاس. ئۇنىڭ

ئۈستىگە ئاگلاشقا ياردەم بېرىدىغان ئەسۋاپىنىمۇ ئۇنتۇپ قاپتىمەن، — دىدى.




خانىم شۇندىلا كوتۇلداشتىن توختىدى، ئەمما، ئۇ ماشىنىدىن چۈشكەندىن كېيىن، بىردىنلا شوپۇرنىڭ يالغان ئېيتقانلىقىنى، ئۇنىڭ گاس ئەمەسلىگىنى بىلىپ قالدى.

قېنى، دەپ بېقىڭ: ئۇ قانداقچە بىلىپ قالدى؟

## 8. غەلىتە ئۈچ تېپىشماق

(1) قىزىل كۆينەك كىيگەن بىر قىز مۇنداق دىدى: بىر كۈنى كەچتە تاغام بىر قىزىقارلىق كىتاپنى ئوقۇۋاتتى، ئايىلى چىراقنى ئۆچۈرۈۋەتتى. ئۆي قاپ ـ قاراڭغۇ بولسىمۇ تاغام كىتاپنى ئوقۇۋەردى. بۇ قانداق ئىش؟


(2) يېشىل كۆينەك كىيگەن بىر قىز مۇنداق دىدى: بۈگۈن ئەتىگەندە مېنىڭ بىر پاي هالقام چايغا چۈشۈپ كەتتى. چاي كۆپ ئىدى، ئەمما هالقام هۆل بولمىدى. بۇ قانداق گەپ؟

(3) كۆك كۆينەك كىيگەن بىر قىز مۇنداق دىدى: تۈنۈگۈن دادام يامغۇردا قالدى. ئۇ بېشىغا هېچنىمە كىيمىگەن،

كۈنلۈكمۇ ئالمىغان ياكى بېشىغا بىر نەرسە ئۇرۇۋالمىغان. ئۇنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى ھۆل بولۇپ كەتتى، ئەمما چېچى زادىلا ھۆل بولمىدى. بۇ زادى نېمە ئىش؟
قېنى، ئويلاپ بېقىڭ: بۇ ئۈچ سوئالغا قانداق جاۋاپ بېرىش كېرەك؟

## ۹. ناۋاي بىلەن سۈتچى

مەلۇم كوچىدا بىر ناۋاي، بىر سۈتچى بار ئىدى. ناۋاي ھەر كۈنى سۈتچىدىن سۈت ئالاتتى. بىراق، ئۇنىڭ ئالغان سۈتى ھەر كۈنى كەم چىقاتتى. ئۇ بۇ ئەھۋالنى ئاھالىلار كومىتېتىنىڭ مۇدىرىغا مەلۇم قىلدى، مۇدىر تەكشۈرۈپ كۆرمەك بولۇپ سۈتچىنىڭ دۇكىنىغا كەلدى.
— جىڭ - تارازىڭىز بارمۇ؟ — مۇدىر سۈتچىدىن سورىدى.
— بار، بار ئوبدان تارازام بار...



— تېشى بارمۇ؟
— يوق.
— تاش بولمىسا سۇتنى قانداق جىگىلدىگىمز؟
— بۇ ئاسان گەپ. ئۇدۇلۇمدا مۇشۇ ناۋاي ئۇستامنىڭ دۇكىنى بار. ئۇستام ناننى بىر جىگىلىق قىلىپ ياپىدۇ. مەن تارازامنىڭ بىر تەرىپىگە ناننى، بىر تەرىپىگە سۇتنى قويىمەن. مۇنداق جىگىلاش ياخشى ئەمەسمۇ؟
بۇ گەپنى ئاڭلاپ ناۋاي غىپپىدە كېتىپ قالدى؟
قېنى، ئويلاپ بېقىڭ: ناۋاي نىمىشقا كېتىپ قالدى؟

## 10. ئەپەندىمنىڭ بازارغا بېرىشى

ئەپەندىم بالىسىنى ئېلىپ، ئېشىگىنى ھەيدەپ بازارغا مېڭىپتۇ. يېرىم يولغا بارغاندا ئەپەندىم بالىسىغا:
— بالام، ھەقىچان ھېرىپ قالدىڭ، ئېشەككە مىنىۋال-غىن، مەن ئېشەكنى ھەيدەپ ماڭاي، — دەپتۇ.
بۇ ھالنى كۆرگەن كىشىلەر ئەپەندىمنىڭ بالىسىنى كۆرسىتىپ:
— بۇ تازىمۇ مېھرى يوق بالىكەنغۇ. قاراڭلار، ئۆزى ئې-شەككە مىنىۋاپتۇ، دادىسى بولسا پىيادە مېڭىپتۇ، — دېيىشىپتۇ.
بالا دەرھاللا ئەپەندىمگە:
— دادا، ئېشەككە سەن مىنىۋالغىن، مەن ماڭاي، — دەپتۇ.
— ماقۇل، بالام، — دەپتۇ ئەپەندى ۋە ئېشەككە مىنىپتۇ، بالام پىيادە مېڭىپتۇ.
بۇ ھالنى كۆرگەن كىشىلەر ئەپەندىمنى كۆرسىتىپ:
— ئەپەندىم نىمە دېگەن تاش يۈرەك - ھە، ئۆزى ئېشەككە مىنىۋاپتۇ، كىچىك، ئاجىز بالىسى پىيادە قاپتۇ، — دېيىشىپتۇ.



ئەپەندىم دەرھاللا:

— بالام، خەقلەرنىڭ گېپىنى ئاڭلىدىڭمۇ؟ كەل، ئېشەككە سەنمۇ مىنگىن، بۇ ئېشەك ئىككىمىزنى كۆتىرىپ ماڭالايدۇ، — دەپتۇ.

ئاتا - بالا ئېشەككە مىنىپ بىر پەس ماڭغاندىن كېيىن بىر توپ كىشىلەر ئۇلارنى ئورىۋېلىپ:

— پاھ، ئىككى ئادەمنىڭ بىر ئورۇق ئېشەككە مىنىۋالغىنىغا قاراڭلار! ئېشەككە ئۇۋال ئەمەسمۇ! — دېيىشىپتۇ.

ئەپەندىم دەرھاللا بالىسىغا:

— بالام، چۈشە، ھەر ئىككىمىز ئېشەكنى ھەيدەپ پىيادە ماڭايلى، — دەپتۇ.

ئۇلار ئېشەكتىن چۈشۈپ پىيادە مېڭىپتۇ. بۇنى كۆرگەنلەر يوتىسىغا كاچاتلاپ كۈلۈشۈپتۇ:

— مانا، مانا، قالتىس قىزىق ئىشقۇ - بۇ! ئېشىكى تۇرسا مىنمەي پىيادە ماڭغان ماۋۇ ئەخمەقلەرنى قاراڭلار؟ ھا ... ھا ...

بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئەپەندىم بالىسىغا:

— بالام، كېلە، ئېشەكنى كۆتىرىپلا ماڭايلى! — دەپتۇ.

## ئانا، مەن ياخشى ئوقۇيمەن

### ھاۋاگۈل دوما خىزىر قىزى

(قۇمۇل قارا دۆۋە مەكتەپ 6 ـ يىللىق B سىنىپ ئوقۇ-غۇچىسى)

بۇندىن بىر يىل بۇرۇن مېنىڭ مېھرىۋان ئانام ئۆلۈپ كەتتى. مانا، بۈگۈن ئانام ۋاپات بولغىنىغا بىر يىل تولغان كۈن. دادام بىلەن ئىككىمىز ئانامنىڭ قەۋرىسىنى يوقلاپ كەلدۇق. كونا ـ يېڭى قەۋرىلەر بىلەن تولغان قەۋرىستانلىق جىمجىتلىقتا چۆككەن ئىدى. ئاھ! مېنىڭ ئانامنىڭ قەۋرى-

ئاتا ـ بالا ئېشەكنى كۆتىرىپ بىرنەچچە قەدەم ماڭا-ماڭمايلا بىر مۇنچە ئادەم ئولىشىپ قاتتىق كۈلۈشۈپتۇ ۋە بىرلىكتە مۇنداق ناخشا ئوقۇپتۇ:

كېلىپ كۆرۈڭ خالايىق

مۇنداق ئىشمۇ بولغانمۇ؟

بۇ جاھاندا كىم، قاچان

ئېشەك يۈدۈپ ماڭغانمۇ؟!

قېنى كىچىك دوست، دەپ بېقىڭا: سىز مۇشۇنداق ئەھۋالغا يولۇققاندا قانداق قىلغان بولاتتىڭىز؟

(جاۋاۋى كېيىنكى ساندا)

سى... ئەنە، ئۇنى ئىگىز ئۆسكەن غوللۇق يانتاقلار بېسىپ كېتىپتۇ. دادام بۇ قەۋرىگە قاراپ ئۇزۇن دۇئا قىلغاندىن كېيىن نىمىلەرنىدۇ ئوقۇشقا باشلىدى. مەنمۇ كىچىككىنە قوللىرىم ئارىسىدىن ئانامنىڭ قەۋرىسىگە مۇڭلىنىپ قارىماقتىمەن.

ئانا! سەن مۇشۇ تۇپراق ئاستىدا يانتاق ھىدلىرىنى پۇراپ يېتىپ مېنى ئويلامدىغانسەن؟ مەن سېنى دائىم ئويلايمەن. ھەتتا چۈشۈمدىمۇ سېنىڭ ئىللىق باغرىڭدا ياتقانلىغىمنى خۇددى ئوڭۈمدىكىدەكلا كۆرىمەن. سېنىڭ يەنلا شۇ نۇر يېغىپ تۇرغان يېقىملىق چىرايىڭنى مەڭزىمگە يېقىپ تۇرۇپ: ئاپپاق بالام، ئاناڭنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ مەكتەپتە ياخشى ئوقۇغىن، ھەرگىز ئاناڭغا ئوخشاش كۆزى ئوچۇق قارغۇ بولۇپ قالمىغىن، دىگەنلىرىڭنى ئاڭلايمەن. شۇنداق، سەن بىر يىل بۇرۇن مۇشۇنداق گەپلەرنى قىلاتتىڭ. ئۇ چاغلاردا مەن بەكمۇ گۆدەك، بەكمۇ كىچىك بولغاچقا، بۇ گەپلىرىڭنىڭ مەنىسىگە چۈشەنمەيتتىم.



مەن تومۇز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە تاسادىپى ئاغرىپ

قالدىم. مەن سېلىپ بەرگەن كۆرپە ئۈستىدىكى ياستۇققا ئەمدىلا بېشىمنى قويۇشۇمغا بۇرنۇمدىن بۇلدۇقلاپ قان ئېقىشقا باشلىدى. شۇ كۈنلەردە سەنمۇ ئاغرىق ئازاۋىغا بەرداشلىق بېرىپ ئۆيدە تاماق ئېتىش، كىر-قاتلىرىمنى يۇيۇش، ئۇكىلىرىمنىڭ يىرتىلغان-تىتىلغان كىيىملىرىنى ياماش بىلەن مەشغۇل بولاتتىڭ. كەچلىگى يەنە ماشىناڭنى شىرىلدىتىپ كىملەرنىڭدۇ بىر نەرسىلىرىنى تىكەتتىڭ. ئۇنىڭدىن تاپقان ئىش ھەققىڭدىن ماڭا قەلەم، دەپتەر-كىتاپ ئېلىپ بەرگەن ئىدىڭ. سەن ئاشۇنداق تىنىمسىز ئىشلەپ گاھ ئورۇندۇق ئۈستىدىلا، گاھ قازان بېشىدىلا كۆكرىگىڭنى تۇتۇپ تولغىنىپ قالاتتىڭ... مەن ئاغرىپ قالغان كۈنى كېسىلىڭ يەنە قوزغىلىپ قالدى. مەن ياستۇق ئۈستىدە سېنىڭ ئەھۋالىڭنى بىلىپ ياتقان ئىدىم. ئۆزەممۇ ئاغرىق ئازاۋىنىڭ قانچىلىك قاتتىق بولىدىغانلىغىنى سەزمەكتە ئىدىم. لېكىن سەن ئانا مېھرىڭ بىلەن ئاغرىق ئازاۋىغا بەرداشلىق بېرىپ ماڭا دورا قايناتىپ بەردىڭ، پۈلەپ تۇرۇپ قوشۇق بىلەن ئىچۈردۈڭ. ئاھ ئانا، سەن شۇ چاغدا نېمىلەرنى ئويلىغان بولغىيتىڭ. بەلكىم مېنىڭ ئاغرىق مۇناسىۋىتى بىلەن مەكتەپكە بارالماي قېلىشىمدىن ۋە شۇ كۈن ئۆتۈلگەن دەرسلەرنى چۈشىنەلمەي قېلىشىمدىن ئەنسىرىگەنسەن. دېگەندەك، مەن ئەتىسىلا ساقىيىپ قالدىم. سەن شۇ چاغدا مەڭزىمنى مەڭزىڭگە يېقىپ چاچلىرىمنى سىلىغان ھالدا:

— بالام، مەكتەپكە بارغىن، مۇئەللىمنىڭ ئۆتكەن دەرسلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ تىڭشىغىن، ياخشى ئوقۇساڭ، ھەممە ئادەم سېنى ياخشى كۆرىدۇ، دېگەن ئىدىڭ.

يىل ئاخىرقى باھالاشتا مەن «3 تە ياخشى ئوقۇ-

غۇچى» سايلىنىپ مۇكاپات قەغىزىمنى سىڭىلىمنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلگەندە، سەن شۇنداق خوشال بولغان هالدا:

— مانا، مۇئەللىمىڭنىڭ ئەجرىگە لايىق ئوقۇپسەن. بۇنىڭلىقتا هەرگىزمۇ كۆرەڭلەپ كەتمە. كەمتەر بول، تېخىمۇ ياخشى ئوقۇغىن! — دىگەن ئىدىڭ. راست، ئانا، مەن ياخشى ئوقۇسام، ئەلاچى بولسام، «3 تە ياخشى» سايلانسام سەنمۇ خوشال بولاتتىڭ. شۇ چاغدا سەن قانچىلىك سۆيۈنۈپ كەتكەن ئىدىڭ-هە! شۇنداقتىمۇ «ياخشى ئوقۇغىن» دىگەن سۆزنى قايتا-قايتا تەكرارلىغىنىڭ هېلىمۇ ئېسىمدە. ئاھ ئانا، ئاخىرى شۇ ئازاپلىق يۈرەك كېسىلى بىلەن مېنى ۋە ئۇكىلىرىمنى يىتىم قالدۇرۇپ بۇ ئالەمدىن مەڭگۈلۈككە ئايرىلدىڭ. ئاھ ئانا، شۇ مۇسىبەت كۈنىدىن تا بۈگۈنگە قەدەر بىر يىل ئۆتۈپتۇ. مەنمۇ چوپ-چوڭ قىز بولۇپ قالدىم. هازىر 6-سىنىپتا ئوقۇۋاتىمەن. ئانا، سېنىڭ قەۋرەڭدە ئۈسكەن يانتاق گۈللىرى گويا سېنى ئەسلىتىدۇ. ئۇلار سېنىڭ ئوبرازىڭ بولۇپ، ماڭا: ياخشى ئوقۇغىن، مېنىڭ، داداڭنىڭ، مۇئەللىمىڭنىڭ كۈتكەن ئۈمىتلىرىنى يەردە قويمىغىن، دەۋاتقاندەك تۇيۇلۇۋاتىدۇ...

دادام ئانام چىرايلىق كەشتىلەپ بەرگەن قولياغلىقىدىن ئاپپاق قوناق دانلىرىنى ئېلىپ قەۋرە ئۈستىگە سەپتى، ئاندىن مېنى باشلاپ ئۆي تەرەپكە قايرىلدى. مەن ئانامنىڭ قەۋرىسىگە يەنە بىر قېتىم قارىدىم-دە:

— ئانا، مەن ياخشى ئوقۇيمەن، — دىدىم.

# تىراكتور ۋە هارۋا

(ھىكايە)

نەبىجان ماخمۇت

(قارىقاش ناھىيىلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى)

ئادىل لىقمۇ ـ لىق ئوغۇت قاچىلانغان هارۋىسىنى سۆ‑رەپ كېتىۋاتاتتى. ھويلىسىدا ئويۇنچۇق تىراكتورىنى ئويناپ يۈرگەن ساۋاقدىشى مۇختار ئۇنى كۆرۈپلا چاقىردى:

— ئادىل، قارا ماۋۇ تىراكتورىمنى.

— ماۋۇ ئوغۇتنى ئۆيىگە ئاپىرىۋەتمىسەم بولمايدۇ.

— ئۆيىگە ئوغۇت ئاپارمىساڭ ئاناڭ نان بەرمەمدۇ؟ — دىدى مۇختار مەسخىرىلىك كۈلۈپ تۇرۇپ.

— ئوغۇت ئاپارمىساممۇ ئانام نان بېرىدۇ، لېكىن تەتىلنى سەندەك بىكار ئويناپ ئۆتكۈزۈشنى خالىمايمەن، — دىدى ئادىل ئاچچىقلانغان ھالدا.


— سېنىڭ مېنىڭكىدەك تىراكتورۇڭ بولمىغاندىكىن، ياغاچ هارۋاڭنى سۆرەپ ئوغۇت تەرمەي نىمە ئىش قىلالاتتىڭ؟

— سېنىڭ ئىشقا يارىمايدىغان تىراكتورۇڭدىن مېنىڭ ئوغۇت توشۇغىلى بولىدىغان ياغاچ هارۋام ياخشى.



Altun0q

— كەل ئەمسە، قېنى قايسىمىزنىڭ ياخشىكەن، سىنـ ـلىشتۇرۇپ كۆرىمىز.
ئادىل ئىككىلەنمەستىن ھارۋىسىنى سۆرەپ ھويلىغا كىردى.
— قېنى ئەمسە كىمنىڭ تېز ماڭىدۇ، سىنلىشتۇرۇپ كۆرىمىز، — دىدى مۇختار ئاق كۆينىكىنىڭ پېشى بىلەن تىراكتۇرنى سۈرتۈپ تۇرۇپ.
— ھارۋاڭدا ئوغۇت تۇرسا، ئوغۇتنى تۆكۈۋەتمىسەك قانداقمۇ سېنىڭ تىراكتۇرۇڭ بىلەن تەڭ ماڭالايدۇ؟
— بولمايدۇ، ئوغۇتنى تۆكسەك ھويلىنى مەينەتلەشـ تۈرۈۋېتىسەن.
شۇنداق قىلىپ ئادىل تېزلىك سىنلىشتۇرۇشتا يېڭىلدى. بۇنى كۆرگەن مۇختار تىراكتۇرنى ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي ماختاپ كەتتى.
ئادىل سەل ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن قەتئىيلىك بىلەن:
— قېنى قايسىمىزنىڭ يۈكنى ئېغىر كۆتىرىدىكىن، سىنلىشتۇرۇپ كۆرەيلى، — دىدى مۇختارغا قاراپ.
— سىنلىشتۇرساق سىنلىشتۇردۇق. ياغاچ ھارۋاڭ كۆـ تەرگەن نەرسىنى تۆمۈر تىراكتۇر كۆتىرەلمەمتى؟ — دىدى مۇختار مۇغەمبىرلىك بىلەن.
مۇختار ھويلىنىڭ بىر چېتىگە قويۇلغان بەش كىلوچە كېلىدىغان بىر چوڭ تاشنى تەسلىكتە كۆتۈرۈپ كەلدى ـ دە، ئادىلنىڭ ھارۋىسىدىكى ئوغۇتنىڭ ئۈستىگە قويدى. ئادىلمۇ كىچىكرەك تاشتىن بىرنى ئېلىپ ئۇنىڭ تىراكتۇرىنىڭ ئۈستىگە قويۇۋىدى، نېپىز تۆمۈردە ياسالغان تىراكتۇر تاشنى كۆتىرەلمەي مىجىلىپ كەتتى.



دەل شۇ پەيتتە مۇختارنىڭ دادىسى ساۋۇت ئاكا كەتمەن كۆتەرگەن پېتى ھويلىغا كىرىپ كەلدى ۋە مىجىلىپ كەتكەن تىراكتورنى كۆرۈپ:

— ماگىزىندىن بەش يۈەنگە ئېلىپ بەرگەن ئويۇنچۇقنى تېخى ئۈچ كۈن بولماستىن مىجىپ كېرەكسىز قىلىۋەتسەڭ قانداق بولغىنى، بۇ چوڭ تاشنى كىچىك ئويۇنچۇق قانداق كۆتەرەلىسۇن؟! — دەپ مۇختارغا كايىپ كەتتى ۋە ئۇنى ساۋاقدىشى ئالدىدا خىجىل قىلماي دىدىيۇ قانداق، بىر ئازدىن كېيىن كەتمەننى يەرگە قويدى-دە، ئۇنىڭغا سەممىي نەسىھەت قىلىشقا باشلىدى، — ئوغلۇم، ئويۇنچۇق بۇزۇلۇپ كەتسىمۇ كارى چاغلىق، لېكىن سەن بۇزۇلۇپ كەتمەسلىگىڭ كېرەك. سەن ئوبدان ئوقۇپ ئوقۇش پۈتتۈرسەڭ، بۇنداق كىچىك تىراكتور ئەمەس، يەكشەنبە كۈنى ئىككىمىز ئولتۇرۇپ شەھەرگە بارغان تىراكتوردەك چوڭ تىراكتوردىن بىرنى ئالىمەن، ئۇنىڭغا سەن شوپۇر بولىسەن. كىچىكىڭدىن باشلاپلا ھەرقانداق نەرسىنى توغرا ئىشلىتىشنى ۋە ئاسراشنى ئۆگەنمىسەڭ، كەلگۈسىدە قانداق شوپۇر بولالايسەن؟

ئۇ بىر كۈنى دادىسىغا چۈشىدە تىراكتۇر ھەيدىگىنىنى، تىراكتۇرنىڭ رولىنى ئەپچىللىك بىلەن گاھ بۇ ياققا، گاھ ئۇياققا چۆرۈپ بىرمۇنچە يەرگە ئۇرۇق چېچىپ بولغانلىقىنى، بۇنى كۆرگەن كىشىلەرنىڭ ئۇنى «كىچىك تىراكتۇرچى» دەپ ماختاپ كەتكەنلىكىنى سۆزلەپ بېرىدۇ، دادىسى ئۇنىڭغا مەسىلىگە كېلىپ، ماگىزىنىدىن بۇ تىراكتۇرنى ئېلىپ بەرگەن ئىدى...

ئۇ دادىسىنىڭ ئىككى قولىغا ئېسىلىپ تۇرۇپ ئەركىلىگەن ھالدا سۆزلىدى:

— دادا، بۇ كاساپەت ھېچنىمە كۆتىرەلمەيدىكەن، چوڭ تىراكتۇرنى قاچان ئالىمىز؟

— بېيىغاندا ئالىمىز.

— قانداق قىلغاندا بېيىغىلى بولىدۇ؟

— سەنمۇ ساۋاقداشلىرىڭ ئادىلدەك بوش ۋاقىتلىرىڭدا ئوغۇت توپلىساڭ، زىرائەتلەرنى ياخشى پەرۋىش قىلساق، زىرائەتلەر ئوبدان ئۆسسە، دۆلەتكە كۆپ ئاشلىق سېتىپ بەرسەك پۇلىمىز كۆپ بولىدۇ. بېيىغان دىگەن شۇ.

— دادا، مەن ئەمدى ئادىلنى زاڭلىق قىلمايمەن. ماڭسىمۇ ئۇنىڭ ھارۋىسىغا ئوخشاش ھارۋا ياساپ بېرىڭ، مەنمۇ ئوغۇت توپلاي، — دىدى مۇختار تىرنىغىنى تاتىلىغان ھالدا يەرگە قاراپ تۇرۇپ.

— ئەمگەكچىنىڭ نەسلى دىگەن ئەمگەكنى پەس كۆرمەيدۇ بالام، چۈنكى ھەر قانداق ئارزۇغا ھالال ئەمگەك بىلەن يەتكىلى بولىدۇ. مانا سەن تىراكتۇر ھەيدەشنى ئارزۇ قىلىسەن. بۇنىڭ ئۈچۈن، مەكتەپتە ياخشى ئوقۇشۇڭ، بىكار

چاغلىرىڭدا چامىڭنىڭ يەتكىنىچە ئېتىز ـ ئېرىق ئىشلىرىغا ياردەم قىلىشىڭ كېرەك. ئائىلىمىز بېيىسا نەچچە ئادەمنىڭ ئىشىنى قىلالايدىغان، ئېغىر يۈكنى كۆتىرەلەيدىغان تىراكتورغا ئىگە بولالايمەن، — دېدى ساۋۇت ئاكا مۇختارنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ:

مۇختار دادىسىنىڭ قولىدىن ئاجراپلا، ئادىلنىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ تۇرۇپ:

— ئادىل ئاداش، رەنجىمىگىن، مەن خاتا قىپتىمەن، بۇندىن كېيىن ئوغۇت تېرىشكە مېنىمۇ چاقىرىۋالغىن، — دېدى.

ئادىل ساۋاقدىشىغا قاراپ ئىللىق كۈلۈمسىرىدى، ساۋۇت ئاكىنىڭ چىرايىدىمۇ تەبەسسۇم جىلۋىلەندى.

---

**ئىسمىڭىزنىڭ مەنىسىنى بىلەمسىز؟**

| | |
|---|---|
| ئادىل | ئىشنى توغرا، ئادالەت قىلغۇچى |
| ئالىم | بىلگۈچى، بىلىم ئىگىسى، تەلىم بەرگۈچى |
| بەكرى | تۇنجى بالا |
| جامالدىن، جامال | دىننىڭ گۈزەل ـ چىرايلىق كىشىسى |
| ھەمدۇللا، ھەملا | خۇداغا مەدھىيە ئوقۇماق |
| ئاينۇر | ئاينىڭ نۇرى، ئايدەك نۇرلۇق |
| بەختىيار | بەختى دوست بولغاي، بەختلىك بولغاي |
| تاھىر | پاك بولغۇچى، پاكىزە كىشى |
| ئامىنە | ئامان، تىنچ (ئايال) |
| ئايشە، ئايشەم | تىرىكچىلىك قىلغۇچى، چىداملىق ئايال |
| جەمىلە | ناھايىتى چىرايلىق كىشى |
| جەننەت | باغى ـ بوستاندەك گۈزەل كىشى |

# چۈمۈلىنىڭ ئوزۇق ئىزلىشى

## ۋاڭ يۈلەن

(گۇاڭشى ستوڭ باشلانغۇچ مەكتەپ 4 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى)

مەن چۈمۈلىلەرنىڭ مېڭىش ـ تۇرۇشىغا بەكمۇ قىزىقىمەن، بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ ئوزۇقنى قانداق تاپىدىغانلىقىغا، ئۇنى قانداق توشۇيدىغىنىغا قاراشقا تېخىمۇ قىزىقىمەن.

كىچىك چۈمۈلىلەرنىڭ بېلى ئىنچىكە، ئاغزى چوڭ، ئامبۇردەك بىر جۈپ چىشى بولىدۇ. ئۇلار تىنىمسىز ھالدا ئۇياقتىن ـ بۇياققا تېمىسقاپ يۈرۈپ ئوزۇق ئىزلىشىدۇ، تاپقان ئوزۇغى ئۆزلىرىدىن بىر ـ ئىككى ھەسسە چوڭ بولسىمۇ، ئۇنى چىشلەپ كۆتىرىپ ئۆز «ئۆيى» گە بىمالال ئېلىپ كېتىشىدۇ؛ ئەگەر چوڭراق قۇرۇت ـ قوڭغۇزلارنى تېپىۋېلىپ، ئۇنى ئەپكېتىشكە چامى يەتمىسە، ئۆز ھەمرالىرىنى باشلاپ كېلىپ ئېلىپ كېتىشىدۇ.

بىر كۈنى، چۈشتە ئىشىگىمىز ئالدىدىكى قېرى سېدە تۈۋىدە سايىداپ ئولتۇراتتىم. كۆزۈم بىر تاشنىڭ تۈۋىدىكى چۈمۈلە ئۇۋىسىغا چۈشتى: بىر قىسىم چۈمۈلىلەر تاپقان ئوزۇغىنى ئۇۋىسىغا توشۇسا، يەنە بىر قىسىم چۈمۈلىلەر ئۇۋىدىن چىقىپ ھەر تەرەپكە ئوزۇق ئىزلەپ كېتىشەتتى. ئۇلار ئاجايىپ ئالدىراش ئىدى! مەن ئۇلارنىڭ ئوزۇق

ئېلىپ مېڭىشىنى كۆرۈش نىيىتىدە، چۈمۈلە ئەڭ ئوبدان يەيدىغان يىڭناغۇچتىن بىرنى تۇتۇپ كېلىپ، چۈمۈلە ئۇۋىسىدىن ئىككى - ئۈچ مېتىر يىراقتا قويۇپ قويدۇم. ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي بىر كىچىك چۈمۈلە يىڭناغۇچنى كۆزلەپ ئاستا كەلدى. ئۇ، يىڭناغۇچنىڭ يېنىغا كېلىپ توختىدى - دە، ئۇنىڭغا ئوبدان بىر قارىۋالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ قۇيرۇغىدىن چىشلەپ كەينىگە سۆرىدى. بىراق، ئۇنى قىلچە سىلجىتالماي ئاغزىدىن چىقىرىۋەتتى. ئارقىدىنلا يەنە بىر چىشلىدى - دە، جېنىنىڭ بېرىچە تارتتى. ئەپسۇس، يەنىلا قوزغىيالمىدى. ئاخىرى ئۇنى ئەپكېتىشكە چامى يەتمىگەندىن كېيىن، يىڭناغۇچنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئۇنىڭ قۇيرۇغىدىن بېشىغىچە ۋە باش تەرىپىدىن قۇيرۇغىغىچە مېڭىپ كۆرۈپ يەرگە چۈشتى - دە، يۈگۈرگەندەك كېتىپ قالدى. بىردەمدىن كېيىنلا بىر توپ چۈمۈلىلەر ھەيۋەتلىك ھالدا يىڭناغۇچ تەرەپكە يول ئالدى. مەن شۇ چاغدىلا بۇ چۈمۈلىلەر قوشۇنىنى ھېلى يىڭناغۇچنى تارتالمىغان ھېلىقى چۈمۈلە باشلاپ كەلگەنلىكىنى چۈشەندىم. چۈمۈلىلەر يىڭناغۇچ يېنىغا بىردەمدىلا يېتىپ بېرىشتى - دە، بەزىلىرى ئۇنىڭ بېشىدىن، بەزىلىرى قۇيرۇغىدىن ۋە بەزىلىرى پۇتىدىن چىشلەپ سۆرەشتى. لېكىن يىڭناغۇچنى يەنىلا قىمىرلىتالمىدى. شۇ ئارىدا بىر نەچچە كىچىك چۈمۈلە ئۇۋىسىغا يۈگۈرۈشتى. مەن ئۇلارنىڭ ھېچنېمىگە قارىماي، ئۇۋىسىغا ئالدىرىغىنىدىن يەنە چۈمۈلە چاقىرغىلى ماڭغان بولسا كېرەك دەپ ئويلىدىم. ئويلىغىنىمدەك كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە ئارىلىقتا بىر مۇنچە چۈمۈلە ئۇۋىسىدىن چىقىپ، يىڭناغۇچقا قاراپ يۈگۈرۈشتى. بۇ چۈمۈلىلەر توپىغا چوڭ - چوڭ چۈمۈلىلەرمۇ قوشۇلغان ئىدى.

ئۇلارنىڭ بېشى بەكرەك چوڭ بولۇپ، باشقا چۈمۈلىلەردىن پەرقلىق ھالدا پارقىراپ تۇراتتى. مەن بۇلارنى چۈمۈلىلەرنىڭ سەركەردىلىرى بولسا كېرەك دەپ ئويلىدىم. سەركەردىلەر يىڭناغۇچنىڭ قېشىغا بېرىپ ئۇنى بىر ئايلىنىپ كۆردى - دە، بىر قانچىسى باش قوشۇشتى. پاھ: سەركەردىلەر يىغىن ئاچتى!... مانا ئۇلار بىردىنلا يىڭناغۇچنىڭ ئەتراپىغا تارقىلىشتى: بىرلىرى يىڭناغۇچنىڭ بېشىدىن، بىرلىرى قۇيرۇغىدىن، يەنە بىرلىرى قانىتىدىن چىشلەشتى؛ ھەتتا يىڭناغۇچنىڭ قوسىقىدىن تېشىپ چىشلىۋالغانلىرىمۇ بار ئىدى. ئاندىن كېيىن بىر بۆلۈك چۈمۈلە ئۇنى ئارقىچە تارتتى، بىر بۆلۈكلەر مۈكچىيىپ يۆلەپ ئىتتىرىپ بەردى. شۇنداق قىلىپ ئۇلار ئۆزلىرىدىن نەچچە ھەسسە چوڭ يىڭناغۇچىنى ئۆز ئۇۋىسىغا ئېلىپ كەلدى.

چۈمۈلە جۇغى كىچىك بولسىمۇ، نېمە ئۈچۈن ئۆزىدىن نەچچە ھەسسە چوڭ كېلىدىغان يىڭناغۇچنى ئۇۋىسىغا ئەپكېلەلىدى؟ بۇ ئاشۇ كىچىك چۈمۈلىلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ نەتىجىسى ئەمەسمۇ؟ مىڭلىغان چە پۈتۈن مەملىكەت خەلقى پارتىيىمىز رەھبەرلىكىدە ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىدىغانلا بولسا، تۆت زامانىۋىلىشىش چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدۇ!

---

ئەي ئۇماق قىز، بىھۇدە كۈلمەڭ، ئورۇنسىز سۆزلىمەڭ. ھەر قانداق ئىشنى ئەقىل ئىشلىتىپ، ئاقىۋىتىنى ئويلاپ قىلىڭ. بىلىڭكى، ئەدەپ، ئەخلاق ئادەمنىڭ زىننىتى!

---

## ئىنىم

### جۇجىڭچۇ

(لياۋنىڭ چىداشەن كان رايونى 2 - ئوتتۇرا قاردىمىغىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ 4 - سىنىپ ئوقۇغۇچىسى)

ئىنىم شياۋيۇڭ بۇ يىل ئۈچ ياشقا كىردى. ئۇنىڭ سىيمىز، ئوماقلىقىغا كۆرگەنلا كىشىنىڭ مەسلىگى كېلىدۇ. بىراق، ئۇنىڭ بىرلا قىلىقى ماڭا زادىلا ياقمايتتى — ئۇ تىلى چىقىشقا باشلىغاندىن بۇيان ماڭىلا چاپلىشىۋېلىپ، تولا سوئال سوراپ مېنى ئارام تاپتۇرمايتتى... ئاپام بولسا ئۇنى تېخىمۇ ئۇچۇرۇپ: «كاللىسى ئىشلەيدىغان بالام» دەپ كۆككە كۆتەرگىنى - كۆتەرگەن.

بىراق، مەن ئىنىمغا قايىل بولمايتتىم. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭغا «سورىغاق» دەپ لەقەم قويۇۋالغان ئىدىم.

بىر كۈنى ئەتىگەندە، قۇياش چىقىش بىلەنلا ئىنىم ئالدىمغا يۈگۈرۈپ كېلىپ: «ئاچا، ئاچا، قۇياش بوۋاي نىمىشقا كۈندە شەرقتىن چىقىدۇ؟» دەپ سورىدى. مەن: «قۇياش بوۋاينىڭ ئۆيى شەرقتە» دېدىم. ئۇ ماڭا تىكىلگىنىچە چەكچەيگەن كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ يەنە سورىدى: «ئاچا، قۇياش بوۋاي ئۇ ئۆيىدىن كۆچمەمدۇ؟ ئۆيى ئۆرۈلۈپ چۈشمىسىچۇ؟...»

تومۇزنىڭ تىنجىق كۈنلىرى ئاندا - ساندا شامال چىقىپ

قالاتتى. شۇنداق سەلكىن شامالنىڭ كۆنلەرنىڭ بىرىدە ئىنىم يېنىمغا كېلىپ: «ئاچا شامال قەيەردىن چىقىدۇ؟» دەپ سوراپ قالدى. مەن كىچىك چېغىمدا مومام ئېيتىپ بەرگەن «شامال موما» دېگەن چۆچەكنى ئېسىمگە ئېلىپ: «ئاسماندا شامال موما دەيدىغان بىر موماي بار. ئۇنىڭ شامال قاچىلانغان بىر تاغىرى بار. ئۇ، تاغىرىنىڭ ئاغزىنى ئېچىۋەتكەن هامان شامال چىقىدۇ.» دەپ جاۋاپ بەردىم. ئىنىم خوشاللىقىدىن چاۋاك چېلىپ سەكرەپ كەتتى-دە: «شامال مومىنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇنىڭ شامال تاغىرىنى ئەپكېلىپ بەر» دەپ تۇرۇۋالدى. مەن ئادىمزات كۆرمىگەن ئۇ مومايىنىڭ قېشىغا قانداقمۇ بارالاي؟ جايىمدا ئولتۇرۇۋەردىم. لېكىن ئىنىم ئۇنامدىغان؟ مەن ئۇنىڭ ئاشۇنداق خەقىشلىرىدىن تويۇپ كېتەتتىم.

مەن ئۇنىڭ كۆپ سوئاللىرىغا جاۋاپ بېرەلمەيتتىم، كىتاپتىن جاۋاپ تېپىشقا ئەسلا ئىزلەنمەيتتىم. چۈنكى مۇئەللىم ئىمتىهاندا ئۇنداق سوئاللارنى چىقارمايتتى. ئۇلارنى بىلسەم-بىلمىسەم كارى چاغلىقمۇ؟

سەككىزىنچى ئاينىڭ ئون ئىككىنچى كۈنى كەچلىك تاماقتىن كېيىن، ئاپام ئىنىم ئىككىيلەننى يېتىلەپ ئۆستەڭ بويىغا سەيلىگە ئېلىپ باردى. ئۆستەڭنىڭ سۈيى ئاز هەم سۈزۈك بولغاچقا ئاستى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئەگرى-توقاي ئەگىپ ئاققان ئاخىرقى ئېقىنى، يىراقتىن-يىراققا سوزۇلغان كۆمۈش رەڭ لېنتىغا ئوخشاپ كېتەتتى. كەچ كىرىشكە باشلىدى. ئۆستەڭ بويىدىكى سۆگەتلەر، ئاسماندىكى ئاي، تۇشمۇ-تۇش چىقىۋاتقان يۇلتۇزلار ئۆستەڭدىكى سۇ يۈزىدە ئەكس ئېتىپ جىمىرلايتتى. ئاي ماشا قاراپ كۈلگەندەك كۆرۈنسە، يۇلتۇزلار كۆز چىمچىقلىتىۋاتقاندەك بىلىن-

مەكتە ئىدى ... تـوساتتىن «چولـتوك» قـىلغان سادا بىلەن تەڭلا ئاپامنىڭ «ۋاي بۇ يامانىنى!» دىگەن ئاۋازى دىققىتىمنى بۆلدى. مەن ئاپامغا قارىغىچە ئاپامۇ ئۆستەڭگە «چۇلدۇڭگىدە» سەكرەپ بولغان ئىدى. بىر دەمدىن كىيىنلا ئاپام كىيىم-كېچەكلىرى چۆپ-چۆپ بولۇپ كەتكەن ئىنىمنى كۆتىرىپ قىرغاققا چىقتى. لېكىن، ئىنىم كىچىككىنە پۇتلىرىنى تىپچەك-لەپ: «ئايغا چىقىمەن... يۇلتـۇزغا چىقىمەن!..» دەپ يىغلاۋاتاتتى. ئاپام ئىنىمنىڭ جىددىلىگە ئانچە خاپا بولمىدى، ئاۋال ئۇنىڭ مايكىسى بىلەن كالتە ئىشتىنىنى سىقىپ سىلى-كىشۋەتتى-دە، بىزنى قۇمدا ئولتۇرغۇزۇپ قويىدى. ئاندىن ئۇ ئۈچ تال يۇمۇلاق تاشنى ئەپكىلىپ، بىرنى قۇياش، بىرنى يەر شارى ۋە يەنە بىرنى ئاي دەپ بەلگىلەپ؛ يەر شارىنىڭ غەرپتىن شەرققەھەمدە قۇياش ئەتراپىدا قانداق ئايلىنىدىغانلىقى؛ ئاينىڭ يەر شارى ئەتراپىدا قانداق ئايلىنىدىغانلىقى، قۇ-ياشنىڭ نىمە ئۈچۈن كۈندە شەرقتىن چىقىدىغانلىقى ۋە كۈندۈز بىلەن كېچىنىڭ قانداق ھاسىل بولىدىغانلىقى توغرىلىق تەپسىلى سۆزلەپ بەردى. ئاپام يەنە، ئىنسانلارنىڭ ئالەم كىمىسى بىلەن ئايغا چىققانلىقىنى ۋە بۇندىن كىيىن يەنە يىراق پىلانىتلارغا چىقماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى، ھەتتا رىۋايەت-لەردە ئېيتىلغان ئاسماندىكى «پەرىزاتلار» بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇلارنى يەر شارىغا مېھمان بولۇشقا چاقىرىپ كەلمەكچى بولۇۋاتقانلىقىغا قەدەر سۆزلەپ بەردى...

ئۆستەڭدىكى سۇ شاقىراپ ئاقماقتا ئىدى. ئاي ئاستا-ئاستا يۇقۇرى ئۆرلەشكە باشلىدى. ئىنىم ئاپامنىڭ قۇچىقىدا جىمجىت يېتىپ ھىكايە ئاڭلاۋاتاتتى. ئۇنىڭ قىياپىتىدىن پۈتۈن زىھنى بىلەن بېرىلگەنلىكىنى بايقىدىم. مېنىڭ كۆز ئالدىمـ-



Altun0q


دىمۇ بۆلەكچە بىر گۈزەل دۇنيا سۈرەتلەنگەن ئىدى. شۇ چاغدا مەن: «قاناتلىق قۇش بولۇپ قالسامچۇ؟ مەنمۇ ئاشۇ ئاجايىپ دۇنياغا قاراپ ئۇچار ئىدىم!...» دىگەنلەرنى كۆڭ-لۈمدىن ئۆتكۈزدۈم.

ئەمدى يەنە بىر گەپنى دىسەم ئەجەپلىنىشىڭلار مۇمكىن ــ ئەنە شۇ كۈندىن باشلاپ مەنمۇ «سورىغاق» بولۇپ قالدىم؛ تۈرلۈك-تۈرلۈك نەرسىلەر توغرىسىدا ئاپامدىن، مۇئەللىمدىن سورايدىغان ۋە بەزى مەسىلىلەر ئۈچۈن كىتاپ-لاردىن جاۋاپ ئىزلەيدىغان بولدۇم، شۇنىڭ بىلەن ئۆگىنىش نەتىجەم بارا-بارا ياخشىلاندى، ئاپاممۇ، مۇئەللىممۇ خۇر-سەنت بولۇپ مىنى ئوبدان ئۆزگەردى، «كاللىسى ئىشلەيدىغان ياخشى ئوقۇغۇچى بولۇپ قالدى» دەپ ماختاشتى...

ھا-ھا-ھا!... راست گەپنى قىلسام: ئىنىمغا رەھ-مەت!

هوشۇر ئەخمەت تەرجىمىسى

ئەي ئۇماق قىز، ئەستىن چىقارماڭكى، ئاتا-ئانىڭىز سەپەردىن قايتىپ كەلگەندە خوشاللىق بى-لەن ئالدىغا چىقىپ قارشى ئېلىڭ. قولىدىكى خور-جۇن-سومكىلىرىنى ئېلىپ جايىدا قويۇڭ. لېكىن، تاماخورلۇق بىلەن سومكىلارنى ئاختۇرۇپ، ئۆزىڭىزنى بولغىماڭ. ھەرگىزمۇ ماڭا ياخشى نەرسە ئېلىپ كەلمەپتۇ دەپ ئۇلاردىن رەنجىمەڭ. بىلىڭكى، ئاتا-ئانىڭىزنىڭ سەپەردىن سالامەت قايتىپ كەلگىنىدىن زور خوشاللىق يوق!



## دۇنيانىڭ ۋاقىت رايونلارغا بۆلۈنۈشى

بىر گۇلۇبۇستىن كۆزەتكىنىمىزدە، يەر شارىدىن ئىبارەت بۇ يۇمۇلاق جىسىم شىمالىي قۇتۇپ ۋە جەنۇبىي قۇتۇپ دەپ ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنىدىغانلىقىنى كۆرىمىز. بۇ ئىككى قۇتۇپنى ئۆزئارا بىر-بىرىگە تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان 360 سىزىق مېرىدىئان — گىرادۇس سىزىقى دېيىلىدۇ.

يەر شارى داۋاملىق ئۆز ئوقى ئەتراپىدا غەربتىن شەرققە قاراپ توختىماي ئايلىنىپ تۇرغانلىقتىن، ئۇ بىر قېتىم ئايلىنىپ چىقىش بىلەن بىر كېچە-كۈندۈز (24 سائەت) نى ھاسىل قىلىدۇ. بىر كېچە-كۈندۈزنىڭ ھاسىل بولۇشىدىن ئىبارەت جۇغراپىيىلىك ئۆزگىرىشكە ئاساسەن، پۈتۈن يەر شارى 24 ۋاقىت رايونىغا بۆلۈنۈپ 24 سائەتنى تەشكىل قىلىدۇ.

گىرېنۋىچ ۋاقتى دەل چۈش سائەت 12:00 ياكى كېچە سائەت 0:00 بولغان ۋاقىت خەلقارا ئۆلچەملىك ۋاقىت بىرلىكى قىلىنىدۇ.

**بىرىنچى ۋاقىت رايونى — چۈش ۋاقتى سائەت 12:00**

لوندون، دۇبلىن، لىسابون، رەبات، ئالجىر، مونروۋىيە،

نوۋاكشوت، داكار، بىسسائۇ، بانجۇل، باماكو، كوناكرى، فرىتائۇن، ئابىجان، ۋاگادوگۇ، ئاككرا، لومې، مارابو، سائو ــ تومې قاتارلىقلار.

**ئىككىنچى ۋاقىت رايونى ــ چۈشتىن كېيىنكى سائەت 13:00**

ئوسلو، ستوكھولم، كوپېنھاگېن، ئامستېررام، بىريۇسسېل، لىيۇكسېمبۇرگ، بونن، بېرلىن، ۋارشاۋا، پراگا، پارىژ، بېرن ۋادۇتس (لىختېنشتېين)، ۋېنا، بۇداپېشت، مادرىد، ئاندوررا، موناكو، رىم، ۋاتىكان، سان ـ مارىنو، بېلگراد، ترانا، ۋالېتا (مالتا)، جەبىلتارىق، تۇنىس، نىجېمېنا، پورتو ـ نوۋو (بېنىن) لاگوس، نىئامې، يائۇندې، بانگى (ئوتتۇرا ئافرىقا)، لىبرېـ ۋىل، براززاۋىل، كىنشاسا، لۇئاندا قاتارلىقلار.

**ئۈچىنچى ۋاقىت رايونى ــ سائەت 14:00**

ھېلسىنكى، بۇخارېست، سوفىيە، ئافىنا، نىكوسىيە، بېيرۇت، دەمەشق، تېل ـ ئاۋىۋ، ئومان، قۇددۇس (ئېرۇسا ـ لىم)، ترىپولى، قاھىرە، خارتۇم، كىگالى، بۇجۇمبۇرا، لۇساكا، لىلوڭۋې (مالاۋى)، ماپۇتو، ھاللې (زىمبابۋې)، ۋېند خوك، گابېرونې، مبابانې، پرېتورىيە، ماسېرۇ (لېسوتو)

**تۆتىنچى ۋاقىت رايونى ــ سائەت 15:00**

موسكۋا، باغدات، كۇۋەيت، رىياد، جىداھ، مەدىنە، مىنامە (بەھرەين)، دۇھە (قاتار)، سانا، ئەدەن، جىبۇتى، ئەددىس ـ ئەببەبە، مۇقدىشۇ، كامپانىيە، نايروبې، دارىسسالام، مورونى (كومورو)، تاناناربۋى، (15:30 غا تەڭ) تېھران قاتارلىقلار.

**بەشىنچى ۋاقىت رايونى ــ سائەت 16:00**

ئەبۇدەبى (ئەرەپ بىرلەشمە خەلىپىلىكى)، ماسكات (ئومان

سۇلتانلىغى)، ۋىكتورىيە (سېيشېل) پورت-لۇئى، سېنت-دېنى (رېئۇنئون)، كابۇل (سائەت 16:30 غا توغرا كېلىدۇ.)

**ئالتىنچى ۋاقىت رايونى-سائەت 17:00**

كاتماندۇ، ئىسلامئابات، مالې (مالدىۋ) قاتارلىقلار. يېڭى دېھلى، كولومبو سائەت 17:30 غا توغرا كېلىدۇ. تىمبۇ، گاڭتوك (سېككىم) سائەت 17:40 قا توغرا كېلىدۇ.

**يەتتىنچى ۋاقىت رايونى-سائەت 18:00**

داكا.

رانگۇن سائەت 18:30 غا توغرا كېلىدۇ.

**سەككىزىنچى ۋاقىت رايونى-سائەت 19:00**

ئۇلانباتۇر، ۋيېنتيان (لائوس)، پنوم-پېن (كامبۇدژا) باڭكوك (تايلاند)، جاكارتا.

**توققۇزىنچى ۋاقىت رايونى-سائەت 20:00**

بېيجىڭ، تەيبېي، شياڭگاڭ، خانوي، كۇئالالۇمپۇر، سىنگاپور، مانىلا، دىلى (شەرقىي تىمور)، بەندەر-سېرى-باگاۋان (برۇنېي سۇلتانلىغى) قاتارلىقلار.

**ئونىنچى ۋاقىت رايونى-سائەت 21:00**

پيوڭياڭ (پىڭراڭ)، سېئۇل (جەنوبىي چاۋشيەن)، توكيو، ئوساكا قاتارلىقلار. دارۋىن (ئاۋستراليە) سائەت 21:30 غا توغرا كېلىدۇ.

**ئون بىرىنچى ۋاقىت رايونى-سائەت 22:00**

ۋلادىۋوستوك، گۇئام ئارىلى، پورت-مورېسبى (پائۇئا يېڭى گۋىنېيىسى)، كانبېررا قاتارلىقلار.

**ئون ئىككىنچى ۋاقىت رايونى-سائەت 23:00**

هونئارا (سولومون تاقىم ئاراللىرى)، پورت-ۋىلا (ۋانوئاتو).

**ئون ئۈچىنچى ۋاقىت رايونى-سائەت 24:00 (0:00)**

سوۋا (فىجى) ناۋرۇ، تاراۋا (ماككىن ئارىلى)، فۇنا فۇتى (توۋارۇ).

**ئون تۆتىنچى ۋاقىت رايونى ــ سائەت 1:00**

ئاپىيە (غەربىي ساموئا).

**ئون بەشىنچى ۋاقىت رايونى ــ سائەت 2:00**

هونولۇلۇ، ئوئاخۇ ئارىلى، مىدۋېي ئارىلى.

**ئون ئالتىنچى ۋاقىت رايونى ــ سائەت 3:00**

داۋسون (كانادا)، ئانكوراج (ئامېرىكا).

**ئون يەتتىنچى ۋاقىت رايونى ــ سائەت 4:00**

ۋانكۇۋېر.

**ئون سەككىزىنچى ۋاقىت رايونى ــ سائەت 5:00**

سان ـ فرانسىسكو، لوس ـ ئانژېلېس.

**ئون توققۇزىنچى ۋاقىت رايونى ــ سائەت 6:00**

سولت ـ لېيك ـ سىتى، مېكسىكا شەھرى، سان ـ خوسې، سان ـ سالۋادور، گۋاتېمالا، ماناگۇئا، تېگۇ سىگالپا، بېلمو پان (بېلىتىس)، ئېئاستېر ئارىلى (چىلى).

**يىگىرمىنچى ۋاقىت رايونى ــ سائەت 7:00**

ئوتتاۋا، ۋاشىگىتون، نيۇ ـ يورك، هاۋانا، پاناما شەھرى، بوگوتا، لىما، پورت ـ ئو ـ پرېنس (هايتى جۇمھۇرىيىتى)، ناسسو (باھاما)، كىڭستون (يامايكا)، كىتو

**يىگىرمە بىرىنچى ۋاقىت رايونى ــ سائەت 8:00**

پورت ـ ئوف ـ سپېين (ترىنىداد ۋە توباگو)، كاراكاس، سان ـ خوئان (پۇئېرتو ـ رىكو ئارىلى)، روسېئا ئۇ (دومىنىكا فېدېراتسىيىسى)، سان ـ دومىنگو (دومىنىكا جۇمھۇرىيىتى)، سېنت ـ جون (ئانتىگۇئا ئارىلى)، كىڭستون (سېنت ـ ۋىنسېنت ئارىلى)، برىجتاۋن (باربادوس) ھامىلتون (بېرمۇدا تاقىم

ئاراللىرى)، سېنت ـ گېئورگېس (گرېنادا)، ئاسۇن سىئون، لا ـ پاس. پاراماربىو (سۇرىنام) سائەت 8:30 غا توغرا كېلىدۇ.

يىگىرمە ئىككىنچى ۋاقىت رايونى ـ سائەت 9:00

بۇ ئېنوس ـ ئايرېس، سانت ـ ياگو، برازىلىيە، رىئو ـ دې ـ ژانېيرو، جورجتائون، مونتېۋىدىئو.

يىگىرمە ئۈچىنچى ۋاقىت رايونى ـ سائەت 10:00

گوتخوب (گرېنلاندىيە).

يىگىرمە تۆتىنچى ۋاقىت رايونى ـ سائەت 11:00

پرائىيە (يېشىل تۇمشۇق جۇمھۇرىيىتى).

---

## ئەگەر سائەت بولمىغان بولسا...؟

سائەتنىڭ ئىككى تال يىڭنىسى قارىماققا بىكاردىن بىكارغا ئايلىنىپ يۈرىدىغاندەك قىلىدۇ. لېكىن ئۇلارنىڭ ھاياتىمىزدا رولى ناھايىتى چوڭ!

ئەگەر ھازىرلا دۇنيادىكى جىمى سائەتلەر بىراقلا بۇزۇلۇپ قالسا، قانداق قالايمىقانچىلىقلارنىڭ كېلىپ چىقىشىنى پەرز قىلالامسىز؟

سائەتلەر بىراقلا توختاپ قالسا، تۆمۈريوللاردا ناھايىتى نۇرغۇن قالايمىقانچىلىقلار يۈز بېرىدۇ. چۈنكى، پويىزلارنىڭ مېڭىشىنى ۋاقىت جەدۋىلىسىز تەرتىپكە سېلىش مۇمكىن ئەمەس. سائەت بولمىسا ۋاقىت جەدۋىلىنىڭمۇ كېرىكى بولمايدۇ.

سائەت بولمىسا، پاراخوت باشلىغىمۇ ئۆز پاراخوتىنىڭ دېڭىزنىڭ قايسى يېرىدە كېتىۋاتقانلىقىنى ئېنىقلىيالماستىن، تېنەپ كەتكەن بولاتتى.

زاۋۇتلاردا ئىشچىلارمۇ ئىشلەشكە ئامالسىز قالاتتى. چۈنكى زاۋۇتلاردىكى ماشىنىلارمۇ ئېنىق ۋاقىت جەدۋىلى بويىچە ئىشلەيدۇ. ئەنە شۇ يوغان ۋە كىچىك ماشىنىلارنىڭ ھەممىسىنى ناھايىتى كىچىك، يانچۇقتا پاتىدىغان بىر ماشىنا — سائەت باشقۇرىدۇ.

مۇبادا سائەت توختاپ قالسا، مەكتەپلەردە ئەھۋال قانداق بولاتتى؟ ماتېماتىكا ئوقۇتقۇچىسى ئۆزىنىڭ دەرسىگە بېرىلىپ كېتىپ، سىنىپلاردا بالىلارغا 40 مىنۇت دەرس ئۆتۈش ئورنىغا، دەرسنى يەنىمۇ سوزۇپ تەنەپپۇس ۋاقتىنىمۇ ئۆتكۈزىۋەتكەن بولاتتى.

مۇبادا سائەت توختاپ قالسا، شەنبە كۈنى كەچقۇرۇندىكى كىنوغا ياكى بۇرۇن بېرىۋېلىپ كىنوخانا ئالدىدا زېرىكىپ تۇراتتىڭىز، ياكى كېچىكىپ قېلىپ كىنونىڭ بېشىنى كۆرەلمىگەنگە ئارماندا قالاتتىڭىز.

ئەگەر ئۆيىڭىزدە سائەت بولمىسىچۇ؟ كەچلىكى دەرس تەكرارلاۋېرىپ تۈن تەڭ قىلىۋېتەتتىڭىز ياكى ئەتىسى ئۇخلاپ قېلىپ، دەرسكە كېچىكىپ قالاتتىڭىز.

كىچىك دوست، سائەتكە سەل قارىماڭ. مۇبادا سائەتلەرنىڭ ھەممىسى بىراقلا توختاپ قالسا، دۇنيادىكى پۈتۈن ئىشلار قالايمىقانلىشىپ كېتىدۇ.

ئەي ئوماق قىز، باشقىلار بىلەن سۆزلەشكەندە، ئۇلارنىڭ سۆزىنى قۇلاق سېلىپ ئاڭلاڭ. سورىغانغا لايىقىدا جاۋاپ بېرىڭ، باشقىلارنىڭ گېپىگە لوقما سالماڭ. بىلىڭكى، بۇ چوڭ ئەدەپسىزلىك.

# تەھرىر ئىلاۋىسى

ژورنىلىمىزنىڭ 1985 - يىللىق 2- سانىدا مۇشتىرىلارنى زېھىن سىناش مۇسابىقىسىغا چاقىرىپ، 2 پارچە زېھىن سىناش سوئالى ئېلان قىلغان ئىدۇق. 2- ئاينىڭ 25 - كۈنىگە قەدەر تەھرىر بۆلۈمىمىز ناھايىتى نۇرغۇن مۇشتىرىلاردىن جاۋاپ تاپشۇرۇۋالدى. بەزى مەكتەپلەر بۇ سوئالغا كوللېكتىپ ھالدا قاتناشتى. بىز مۇشۇ قېتىم پىچان ناھىيە لۈكچۈن ئۈچ كۆۋرۈك باشلانغۇچ مەكتەپ بەشىنچى ئۆي شۆبە مەكتىۋىدىن مۇنداق بىر خەت تاپشۇرۇۋالدۇق: «بىز 2- سانىدىكى زېھىن سىناش مۇسابىقىسىنى كۆرۈپ، بۇ سوئاللارنى مەكتىۋىمىزنىڭ 5- يىللىقىدىكى ساۋاقداشلارغا ئۆزىنى سىناپ كۆرۈشكە بەردۇق. بۇ مۇسابىقىغا ساۋاقداشلار بىردەك قاتنىشىپ، 4 كۈن ئېرىنمەي ئىزلەندى. كېيىن بىز كوللېكتىپ مۇزاكىرە قىلىپ باھالىغاندىن كېيىن، ھەممە ساۋاقداشلار توغرا دەپ قارىغان ئابدىلىتىپ نىياز، ئەخمەت جامال قاتارلىق 2 ساۋاقدىشىمىزنىڭ جاۋاۋىنى سىزلەرگە يوللىدۇق»

ژورنىلىمىز بۇ مۇسابىقىغا ئاكتىپ قاتناشقان بارلىق مۇشتىرىلارغا رەھمەت ئېيتىدۇ ھەمدە بۇ خىل مۇسابىقىنى داۋاملىق ئېلىپ بارىدۇ.

ژورنىلىمىز 2- سانىدا ئېلان قىلىنغان سوئاللارغا ئەڭ بۇرۇن ھەم ئەڭ توغرا جاۋاپ بەرگەن تۆۋەندىكى 5 نەپەر ئوقۇغۇچىنى 5 پارچىدىن كىتاب بىلەن مۇكاپاتلايدۇ:


△ ئۈرۈمچى 20 - باشلانغۇچ مەكتەپ 4 - يىللىق 6 - سىنىپ ئوقۇغۇچىسى: **سۈرەييە مىرقەدەم.**

△ غۇلجا 10 - باشلانغۇچ مەكتەپ 3 - يىللىق 4 - سىنىپ ئوقۇغۇچىسى: **شەمشىنۇر جالالىدىن.**


∆. پىچان ناھىيە لۈكچۈن ئۆچكۈۋرۈك باشلانغۇچ مەك-
تەپ بەشىنچى ئۆي شۆبە مەكتىۋى 5 - سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرى:
ئابلىتىپ نىياز، ئەخمەت جامال.
∆. قارىماي 4 - مەكتەپ 4 - يىللىق 3 - سىنىپ ئوقۇ-
غۇچىسى: تاھىرجان غالىپ.

## 2 - ساندىكى مۇسابىقە سوئالىنىڭ جاۋاپلىرى:


1 - دەرىجىلىك سوئالنىڭ جاۋابى:




3 ساننىڭ يىغىندىسى 8





3 ساننىڭ يىغىندىسى 9




3 ساننىڭ يىغىندىسى 10

2 - دەرىجىلىك سوئالنىڭ جاۋابى:



## 4 - ساندىكى مۇسابىقە سوئاللىرى

1- دەرىجىلىك سوئال:


جەدۋەلدىكى سانلارنىڭ تىزىلىش تەرتىۋىگە ئاساسەن، بوش كاكەتچىگە مۇۋاپىق سان تولدۇرۇڭ.



| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 1 | 2 | 3 | 4 | 5 |
| 2 | 2 | 3 | 4 | 5 |
| 3 | 3 | 3 | 4 | 5 |
| | | | | |
| 5 | 5 | 5 | 5 | 5 |

2- دەرىجىلىك سوئال:

بوش كاتەكچىگە مۇۋاپىق سان تولدۇرۇڭ:




(بۇ سوئاللارنىڭ جاۋابى 5- ئاينىڭ 15- كۈنىدىن بۇرۇن يېتىپ كېلىشى شەرت)



AltunOq

## مۇئەللىم

(لىرىك ناخشا، ئوتتۇرا تېمپدا)

سۆزى: ماخمۇتجان ئىسلامنىڭ

مۇزىكىسى: ئىسكەندەر سەيپۇللانىڭ

F = 1 $\frac{4}{4}$





[ئامېرىكا] جېس شىمىس: «قاۋىساڭ قاۋاۋەر، بولكامنى بەرمەيدەن!»